ئابلەت جۇمە



قانداق قىلىپ

# ئۈچىنچى كۈن

ھوسۇلى قولغا كەلدى

ئابلەت جۇمە

قانداق قىلىپ

# ئۈچىنچى كۆز

ھوسۇلى قولغا كەلدى

مەسئۇل مۇھەررىرى : تۇردى قۇربان ياغمۇر

# مۇندەرىجە


پېرسۇناژلىرىم ھەققىدە ئويلىغانلىرىم······

ئوت ئۇستىدە ························· 1

يىگىت روھى ························· 24

ئۇچىنچى كۆز ························· 48

پونكىت باشلىقى ھەققىدە ھېكايە ·········· 62

«ئۇ ـ بەردىبىر ئىت» ···················· 85

# پېرسوناژلىرىم ھەققىدە ئويلىغانلىرىم

(كىرىش سۆز ئورنىدا)

مەن پېرسوناژلىرىمنى سۆيىمەن، قەدىرلەيمەن! ئۇلارمۇ مېنى سۆيىدۇ ۋە قەدىرلەيدۇ... چۈنكى بىزنىڭ قەلبىمىز، روھىمىز، ھەرىكىتىمىز ئۆز ئارا باغلانغان.

مەن پېرسوناژلىرىمنى چۈشىنىمەن، ئۇلارمۇ مېنى چۈشىنىدۇ، ھېچبولمىغاندا قىسمەن چۈشىنىدۇ. شۇ ۋەجىدىن مەيلى ئۇلارنى مەدھىيىلەي ياكى تەنقىدلەي، كۆيۈنۈشنى ئالدىنقى ئورۇنغا قويىمەن. ئۇلار ماڭا، تېخىمۇ مۇھىمى، پۈتكۈل جەمئىيەتكە ئىلھام بەخش ئېتىدۇ، ۋۇجۇدۇمغا جاسارەت، ئەقىل - پاراسەت ھەدىيە قىلىدۇ.

مەن ئىجابىي پېرسوناژلىرىمدىن پەخىرلىنىمەن، سەلبىي پېرسوناژلىرىمدىن نەپرەتلىنىمەن، نېمىشقىدۇر، سەلبىي پېرسوناژلىرىمنى سۆكمەنۇ، يەنە چىن قەلبىمدىن ھېسداشلىق قىلىمەن!

مەن يېزىقچىلىق پائالىيىتى داۋامىدا، ئۆز تىرىشچانلىقىم ئارقىلىق پېرسوناژلار قەلبىنى، ئىچكى ھېسسىياتىنى قىسمەن ئىپادىلەپ بەردىم، ئەمما كۆڭۈلدىكىدەك نەتىجىگە ئېرىشىشتىن تولىمۇ يىراقلىقىنى ھېس قىلىمەن. ئۇنىڭ ئۈستىگە يازغانلىرىم نەشىر قىلىنىش جەريانىدا

تەھرىرلەرنىڭ قىرقىۋېتىشىگە ئۇچرىدى، بۇخىل رېئاللىق ئالدىدا، مېنىڭ پېرسوناژلىرىمنىڭ سىرتقى ھەرىكەت ھالىتىنى، پائالىيەت، ئىش-ئوقەت جەريانىنى يېزىشىمغا، تەسۋىرلىشىمگە توغرا كەلدى. ھەتتا ئۆزۈممۇ سەزمىگەن ھالدا بۇنىڭغا كۆنۈپ قالدىم، كۆپ ئىشلارغا سۈكۈت قىلىش بىلەن كۇپايىلەندىم. ئەمما كەسىپتە بىرەر نەتىجە قازىنىش ئۈمىدىدىن ۋاز كەچمىدىم، ئەقىللىق كىشىلەر بىلىدۇكى، ئادەم كەسىپكە جان پىدا قىلمايدىكەن، ماكان - زاماندىن ئۈستۈن تۇرىدىغان قابىلىيەت يېتىلدۈرمەيدىكەن، ئۇتۇق قازىنالمايدۇ. ئۇنىڭسىز ھەر قانداق ئادەمنىڭ تارىخى ھامان مەغلۇبىيەت بىلەن نەتىجىلىنىدۇ. قولىڭىزلاردىكى «ئۈچىنچى كۆز» ناملىق بۇ كىتابتا پېرسوناژلىرىمنىڭ سىرتقى ئىش-ھەرىكەتلىرىنى چۆرىدىگەن ھالدا ئىچكى ھېسسىياتىنى، كەچۈرمىشىنى بىرقەدەر ئەركىن، چوڭقۇر، ئەتراپلىق ئىپادىلەشكە تىرىشىپ باقتىم. بۇ مېنىڭ بىر قانچە يىللىق ئىزدىنىشىمنىڭ مەھسۇلى بولۇپ، ئوڭايلا قولغا كەلگەن ئەمەس.

يازغانلىرىم مەيلى ئېلان قىلىنسۇن، مەيلى ئېلان قىلىنمىسۇن، باشقىلارغا يارىسۇن ياكى يارىمىسۇن، مەيلى باشقىلار خاپا بولسۇن ياكى خۇش بولسۇن يېزىپ تاشلاپ قويۇش مېنىڭ ئادىتىم. لېكىن، مەن يازغانلىرىمنى كىتابخانلىرىمغا، پېرسوناژلىرىمغا ئۆز ۋاقتىدا سۇنالىسام بەكرەك سۆيۈنىمەن، ھاردۇقۇم چىققاندەك بولىدۇ - دە، مۇنداق پۇرسەتنى يارىتىپ بەرگەن دەۋر-

گە، دوستلىرىمغا، خەلقىمگە رەھمەت ئېيتىمەن.

ئىجادىيەت مۇساپەمگە نەزەر سالسام، بىر چاغلاردا مەن ئوتتەك قىزغىن ھېسسىيات ۋە زورۇقۇش بىلەن نەسىر، شېئىرلارنى يازغانىدىم. كېيىنكى مەزگىللەردە ھېكايە، مەسەل، چۆچەكلەرنى... يازدىم. بۇ شۇ چاغدىكى روھىي ھالىتىمنىڭ ئىنكاسى بولسا كېرەك. كېيىن ئۇلاردىن سوۋۇپ كەتكەن بولسامۇ، يېزىشتىن ئىبارەت «خۇيۇم» ئۆزگەرمىدى، بىردىنلا ئۇيقۇدىن ئويغىنىپ، شېرىن چۈشلەر چاڭگىلىدىن قۇتۇلغان ئادەمگە ئوخشاش، رېئاللىق ئەكس ئەتتۈرۈلگەن راست ئادەم، راست ۋەقەلەرنى يېزىشقا يۈزلەندىم. دەۋرىنىڭ يازغۇچىسى بولغان ئادەم ئۆز دەۋرىنىڭ ئەينىكىگە ئايلانغاندىلا، ئاندىن ئۆزىنى تونۇپ يەتكەن ۋە ئۆز خەلقىنىڭ ھۆجەيرىسىگە ئايلانغان بولىدىكەن.

راست ئادەم، راست ئىشلار ئەكس ئەتتۈرۈلگەن ماقالە-ئەسەرلەر توقۇلما خاراكتېرلىق ئەسەرلەرگە ئوخشاش جەلپكار، قىزىقارلىق، دەبدەبىلىك بولمىسىمۇ، راستلىق ئالاھىدىلىكى بىلەن مەڭگۈلۈك تارىخ بولۇپ قالىدۇ. مانا مۇشۇنىڭ ئۆزىلا يېتەرلىك قەدىر-قىممەت ئەمەسمۇ؟! تارىختا نەزەر سالىدىغان بولساق، بىزدە توننىلاپ ئالتۇن-كۈمۈش، مال-بىسات، پۇل تاپقان بايدىن نەچچىسى ئۆتكەندۇ؟ ئەپسۇس، قېنى ئۇلاردىن قالغان ئىزنا، شۆھرەت؟! يۈسۈپ خاس ھاجىپ، مەھمۇد قەشقەرىلەر نېمە ئۈچۈن مەڭگۈلۈك سەلتەنەت بىلەن تارىخ بېتىدە پارلىيالىدى؟ چۈنكى يازغان كىتابلارىنىڭ خاسىيىتى ئۇلارنى ئالەم بىلەن تەڭ ياشاش

شەرىپىگە ئىگە قىلىدى! بىلىش كېرەككى، راست ئادەم، راست ۋەقەلەر، رېئال ھادىسىلەرنى يېزىق ئارقىلىق ئەينەن ئىپادىلەشنىڭ شۆھرىتى مەڭگۈ ئۆزگەرمەيدۇ. شۇڭا پېرسوناژلىرىمىنىڭ نامى تارىخ بېتىدىن ئورۇن ئالىدۇ، ئۇلار مەڭگۈلۈك شۆھرەت ئىگىلىرىدىن بولۇپ ياشاۋېرىدۇ ۋە مەڭگۈ ئەقلىلىق، مەڭگۈ شەرەپ ئىگىسى، مەڭگۈ بەختىلىك، مەڭگۈ ئالىيجاناب بولۇپ قېلىۋېرىدۇ. چۈنكى، تارىخقا بۇ خىل پۈتۈلۈشنىڭ خاسىيىتىنى ھېچكىم ئىنكار قىلالمايدۇ. قەلەمگە ئېلىنىش ۋە قەلەمگە ئېلىش ئۇلۇغ خىزمەتلەرنىڭ جۈملىسىدىن بولۇپ، ئۇنىڭ ئورنىنى ھەر قانداق ئۇلۇغ نەرسە ۋە مۆجىزە باسالمايدۇ. شۇنداق ئىكەن، قەلەمگە ئېلىنغان ھەر بىر پېرسوناژ ۋە مۇئەللىپ تارىخ بېتىدە مەڭگۈ ياشاش پۇرسىتىگە ئىگە بولۇشتەك پەزىلەتكە مۇشەررەپ بولىدۇ. بۇنى پەقەت دانا، زېرەك كىشىلەرلا چۈشىنىدۇ.

ياشاڭلار، ھېسسىياتقا باي، قۇدرەتلىك ھاياتىي كۈچكە تولغان شۆھرەتلىك پېرسوناژلىرىم! ياشاڭلار، مېنىڭ كىتابلىرىم، پېرسوناژلىرىمنى روھى ئوزۇق مەنبەسى قىلغان قەدىردان كىتابخانلىرىم!

ھۆرمەت بىلەن: ئاپتور

1997 - يىل 7 - ئاينىڭ 10 - كۈنى، قەشقەر

# ئوت ئۈستىدە ...

1

ئابدۇللا سايىم ئاكىنىڭ بېشىدىن نۇرغۇن ئىسسىق-سوغۇق ئۆتتى، بۇ جەرياندا ئۇ، بېلىگە بەرداشلىق كەمىرىنى مەھكەم باغلىغاچقا، قىيىنچىلىق-دىشۋارچىلىقنى پىسەنتىگە ئالماي، بېشىغا ئامەت قۇشى قونۇپ، خۇشاللىق يۈز ئاچقاندا مەغرۇرلىنىپ، كېرىلىپ كەتمەي، ئېگىلمەس-سۇنماس خىسلەتنى يېتىلدۈردى. ئەمەلىيەتتە، بۇنى ئۇنىڭ ھاياتقا، تۇرمۇشقا كېرەكلىك بارلىق نەرسىلەرنى قولغا كەلتۈرىمەن دەپ قۇربان بېرىشى تۈپەيلىدىن بولغان ھاسىلاتى ياكى ھەممىگە بېپەرۋا قاراش پوزىتسىيىسىنىڭ نەتىجىسى دېيىشكە بولمايدۇ. ئۇنداقتا، نېمە دەپ چۈشىنىش كېرەك؟ ئەڭ ياخشىسى، بۇنىڭغا رېئال كۈرەش قاينىمىدىن جاۋاب تاپقان تۈزۈك.

2

— ئابدۇللا سايىم بانكا باشلىقى بولسىمۇ، — دەيتتى ئۇنىڭ ئەتراپىدىكىلەر، — باشلىق مەن دەپ ئۆزىگە تەمەننا قويۇشتىن، ئەمەلىنى باشقىلارغا كۆز-كۆز قىلىشتىن يىراق ئادەم!...

بۇ، ئېھتىماققا شۇنچىلىك ئاددىي تۇيۇلىدىغان

بىرگەپتەك كۆرۈنىدۇ. لېكىن، ئۇنىڭ ۋەزنىنى تۆۋەن چاغلاشقا بولمايدۇ. چۈنكى، ئۇنىڭدا ئابدۇللا سايىمغا بېرىلگەن لىللا باھا ئۆز ئىپادىسىنى تاپقان بولۇپ، ئاممىنىڭ سەممىي تەشەككۈرىمۇ، قايىللىقىمۇ مۇجەسسەملەنگەن.

— قېيىن ئاتام ئېسىل ئادەم، راستىنلا تېپىلغۇسىز ياخشى ئاتا!...

بۇ ئۇنىڭ ئىككى كۆيئوغلىنىڭ قەلب سۆزى.

شۇنداق، مېنىڭمۇ ئابدۇللا سايىم ئاكىنى تەرىپلەشتە، سەممىي كۆڭلۈمنى ئىپادىلەشتە ئۇنىڭدىن ئارتۇق پاساھەتلىك سۆزلەرنى تاپالىشىمغا كۆزۈم يەتمەيدۇ. ئۇنىڭ بىلەن تۇنجى قېتىم كۆرۈشكەندىن بۇيانقى بىر قانچە يىللىق ئۆتكۈنچى ئىشلارنى ئويلىسام، ماڭا چوڭقۇر تەسىر قىلغان، قەلبىمدە ئۇنتۇلماس ئەستىلىك تەرىقىسىدە ساقلىنىپ، مېنى سۆيۈندۈرگەن نۇرغۇن پائالىيەتلىرى كۆز ئالدىمدا نامايان بولىدۇ. ئاشۇ ئەمەلىيەتكە ئاساسەن، مېنىڭچە ئۇنى «پۇل ئۈستىدىكى ئادەم»، تېخىمۇ ئېنىقراق قىلغاندا، «ئوت ئۈستىدىكى ئادەم!» دەپ ئاتاش مۇۋاپىق. چۈنكى، «پۇل» بەجايىكى بىر يالقۇنلۇق ئوت! ئۇ جايىدا ئىشلىتىلسە زىمىستان قىشتىكى ھارارەتلىك ئوت بولۇش رولىنى ئوينايدۇ، گېزى كەلگەندە، ئۇ قورقۇنچلۇق دوزاخ ئوتىغا ئايلىنىدۇ، ئۇ شۇنچىلىك «ئەقىللىق» سانالغان «شەيتان»نىمۇ ئۇسسۇلغا سالالايدۇ. «پۇل» ئەنە شۇنداق ئوبرازلاشتۇرۇشقا مۇناسىپ ئالاھىدە ماددىي ۋاستە بولۇپ،

خەلقىمىز «پۇل تۇتتۇق - ئوت تۇتتۇق» دېگەن گەپنى شۇ قەدەر جايىدا ئېيتقان! ۋەھالەنكى، پۇلنى قانداق بويسۇندۇرۇش، قانداق ئىشلىتىش ۋە قانداق ئالاھىدىلىككە ئىگە قىلىش ھەر بىر ئادەمنىڭ دىيانىتىگە، پەم - پاراسىتىگە باغلىق! مۇشۇ مەنىدىن ئالغاندا، ئابدۇللا سايىمنى مانا شۇ «ئوت» ئۈستىدە تاۋلانغان ۋە يالقۇن چاچقان يەنە بىر مېھرىبان، سۆيۈملۈك «ئىللىق ئوت» دېسەك ئارتۇق كەتمەيدۇ.

## 3

ھېلىمۇ بىر ئىش ئېسىمدە تۈنۈگۈنكى ئىشتەك تۇرۇپتۇ، بۇنىڭدىن ئالتە يىل ئىلگىرى، مەن قاغىلىق ناھىيىسىگە مۇخبىرلىققا باردىم. تەلىيىمگە يارىشا، يېقىن تونۇشۇم، گېزىتىمىزنىڭ شۇ چاغدىكى ئالاھىدە تەكلىپ قىلىنغان ئىختىيارى مۇخبىرى مۇختەر ئابدۇللانىڭ قىزغىن كۈتۈۋېلىشىغا نائىل بولدۇم. ئۇ مېنى ئۆز خىزمەت ئورنى بولغان قاغىلىق ناھىيىلىك يېزا ئىگىلىك بانكىسىنىڭ مېھمان كۈتۈشىدىن مەخسۇس ئۆي ئاجرىتىپ ئورۇنلاشتۇرۇپ قويدى. بۇنداق ياخشى شارائىتقا ئېرىشكەنلىكىمدىن تېزلا كۆنۈپ كەتتىم، قىسقا ۋاقىتتىلا خېلى بىر قىسىم كىشىلەر بىلەن تونۇشۇپ ئۈلگۈردۈم. بۇ يەردىكى ھەممە نەرسە ماڭا يېقىپ قالدى، تونۇشقان كىشىلەر قاتارىدا ئابدۇللا سايىم ئاكىمۇ بار ئىدى. شۇ چاغدىكى تەسىراتىم بويىچە ئۇ، تولىمۇ ئاددىي - ساددا كىيىنىدىغان، مۇناسىۋەتتە سەممىي، خىزمەتتە ئەستايىدىل كۆرۈنىدىغان كىشى ئىدى، شۇنىڭ ئۈچۈن بولسا كېرەك، ئۇنى

ئادەتتىكى بىر خادىم بولسا كېرەك دەپ قارىغانىدىم، مەن ھەر قېتىم ئۇنىڭ بىلەن كۆرۈشكەندە، شۇ قەدەر سەممىي، قىزغىن مۇئامىلە قىلاتتى، لېكىن دائىم ئالدىراش، جىددىي كۆرۈنەتتى، چىرايىدىكى ھارغىنلىق، ھەرىكەتلىرىدىكى چاققانلىق ئۇنى ئىسپاتلايتتى. ئۇ، خىزمەت ئارىلىقلىرىدىكى دەم ئېلىش پەيتلىرىدە ئىشچى - خىزمەتچىلەر بىلەن قىزغىن پاراڭ سېلىشاتتى، كۈلكە - چاقچاق قىلىپ كۆڭلىنى كۆتۈرەتتى. بۇنداق چاغلاردا مەنمۇ ئىختىيارسىز ئۇلارنىڭ توپىغا قوشۇلۇپ كېتەتتىم، گاھىدا ئۇلاردىن ئۆزۈمنى تارتىپ توپقا قوشۇلماي تۇرسام، ئۇ، مېنى چاقىرىپ، نېمە ئىش قىلىۋاتقانلىقىم، تۇرمۇشۇمنىڭ قانداق بولۇۋاتقانلىقى توغرىسىدا سوراپ، ياردەم قولىنى سۇنۇشقا تەييار ئىكەنلىكىنى بىلدۈرەتتى، ئۇنىڭ بۇنداق سەممىي مۇئامىلىسىدىن سۆيۈنەتتىم.

مەلۇم بىر كۈنى بىرسىنىڭ ئۇنى «ئاخاڭجاڭ» دەپ چاقىرغانلىقىنى ئاڭلاپ ھەيران قالدىم. «ئۇ بانكا باشلىقى ئىكەندە!» دەپ ئويلىدىم ئىچىمدە. چۈنكى، بۇ يەردە ماڭا سۇرلۇك ھەم سىرلىق ئاڭلىنىدىغىنى «بانكا باشلىقى» دېگەن ئاتالغۇ بولىدىغۇ دەپ ئويلىغاچقا، دەسلەپ بىر قىسما بولغانىدىم. كېيىنچە، بۇنىڭ بىر ھېسابتا ياخشى بولغانلىقىنى ھېس قىلدىم. ئەگەر باشتىلا ئۇنىڭ «ئەمەلدار» ئىكەنلىكىنى بىلگەن بولسام، يېقىنلىشىش تۈگۈل، قورۇنۇپ ئۆزۈمنى تارتقان، ئۇنى چۈشىنىش پۇرسىتىگە ھەرگىز ئېرىشەلمىگەن بولاتتىم.

ئاشۇ چاغدىكى بىر ئىش ھازىرقىدەك ئېسىمدە. ئابدۇللا سايىم بىلەن بىللە ئىشلەيدىغان بىرسىنىڭ بالىسى بانكىنىڭ موتسىكلىتقا تارلىق مۈلكىنى ئىگى-لىۋېلىش، دەرۋازا قاتارلىق مۇھىم جايلارنىڭ ئاچقۇچى-نى خالىغانچە ياسىتىۋېلىش ئارقىلىق ئامما ئارىسىدا يامان تەسىر پەيدا قىلغانىدى. دەل مەن بارغان مەز-گىلدە، ئابدۇللا سايىم بۇ بالىنى چاقىرىپ تەربىيە ئىشلىدى، ۋەھالەنكى، ئۇ تەربىيىگە قۇلاق سالمىدى، ھەتتا ئابدۇللا سايىمغا تەھدىت سالدى... ئۇنىڭ يولسىز-لىقى ھەممىلا ئادەمنىڭ غەزىپىنى قوزغىدى، ئەمما، ئاب-دۇللا سايىم بۇنىڭغا تەمكىنلىك بىلەن مۇئامىلە قىلدى... نۇرغۇن جەبىر-جاپا، دەككە-دەشنام، ئەگرى-توقاي-لىقلاردىن كېيىن، بىر مەزگىل قىزىق نۇقتىغا ئاي-لانغان بۇ ئىش ھەل بولغان بولسىمۇ، ئابدۇللا سايىم-نى چوڭقۇر ئازابقا سېلىپ، يۈرىكىنى مۇجىدى، قەلبىنى ئۆرتىدى؛ ئۇنىڭ نۇرغۇن ئىشلارنى ئىنكار قىلغۇسى، مەسىلىنى بىر تەرەپ قىلىشتا ھەقىقەتكە بولغان ئە-قىدە-ئىخلاسى ۋە پەزىلىتىنى بىر چەتكە قايرىپ قويۇپ، «ساڭا بېقىپ مەن» دېگەن پوزىتسىيىدە ئۇ-لارنى ھوقۇق ۋە پاكىت كۈچى بىلەن ئۇجۇقتۇرۇۋەتكۈسى كەلدى، ئەمما، ئۇ نداق قىلىشقا ۋىجدانى يول قويمىدى. ئۇ، كۆپچىلىكنى ۋە ئۇلارنىڭ كەلگۈسىنى ئويلىغىنىدا ھەممىنى بىر تاياقتا ھەيدىگۈسى كەلمىدى. بۇ مەسى-لىلەر كاللىسىغا كىرىۋالغاندا، «نېمە يامانلىقىم ئۈچۈن مۇشۇنداق ئوۋۋالغا قالىمەن» دەيتتى ئۆكۈنگىلىدە. مانا بۇ ئۇنىڭ قەلبىدىكى ئەڭ مۇرەككەپ، ھەم بەكمۇ چىگىش تۈ-گۈن ئىدى، ئۇ، خېلى بىر چاغلارغىچە بۇنى يېشەلمەي، مۇرەككەپ ھېس-تۇيغۇ قاينىمىدا ئۈزدى. ئۇ خېلى

كۈنلەرنى گاڭگىراش ئىچىدە ئۆتكۈزگەندىن كېيىن، ئوي - خىياللاردىن ئۆزىنى تارتىپ، رېئاللىققا قايتىشقا بەل باغلىدى. ئۇ، كۆڭلىدە بولارنى ئۇنتۇپ كېتىشنى ئويلايتتى. بىراق، نېمىدۇر بىر نەرسە يۈرىكىنى تاتىلاپ، ئۇنىڭغا ئارام بەرمەيتتى، قايتا ئويغا سالاتتى، ئۇ، ئويلىغانسېرى چارچاپ، بوشىشىپ قالاتتى، ئەندىشىدىن كېيىنكى خاتىرجەملىكنى ھېس قىلغاندا بولسا، ئىلگىرى ئۇلارغا قىلغان غەمخورلۇقى، ئەقىدىسىنى ئويلاپ «توۋا، مىڭ توۋا» دەيتتى.

5

ھەش - پەش دېگۈچە 1992 - يىلىنىڭ ئەتىياز پەسلى يېتىپ كېلەي دەپ قالدى، باش باھارنىڭ دەسلەپىدە ياغدۇرغان سېرىق قار بىر قانچە كۈن توختىماي ياغدى ۋە چۈشكىنى ئېرىپ كوچىلار لاي-پاتقاققا تولدى. ئارقىدىنلا ھاۋا ئېچىلىپ ئەتراپ سەھەر ۋاقتىغا ئوخشاش تۈس ئالدى. تەبىئەتنىڭ توسۇۋالغىلى بولمايدىغان قانۇنىيىتى كىشىلەرنىڭ روھىنى ئۇرغىتىپ، ۋۇجۇدىنى تاۋلاپ، ئۆزىگە رام قىلىشقا باشلىدى، سۆيۈنۈش ۋە مۇھەببەت، ئازاب ۋە ھىجران قاينىمىدىكى ھايات مەڭگۈلۈك ئەسلىمىلەرنى قالدۇرغاندا، ئۆتمۈشكە ئايلانغان بارلىق نەرسىلەر ئۆتكەن زاماننىڭ چاڭ - توزانلىرى ئارىسىدا كۆمۈلۈپ قالىدۇ. ئەمما، ئۇ پۈتۈنلەي يوقالغانلىقتىن دېرەك بەرمەيدۇ. مانا مۇشۇنداق كۈنلەرنىڭ ھالقىلىق مىنۇتلىرى يېتىپ كېلىش ئالدىدا يۈز بەرگەن بايىقى ئىش كىشىلەر تەرىپىدىن بارا - بارا ئۇنتۇلۇشقا باشلىدى. ئابدۇللا سايىمۇ ئوي - خىياللاردىن بارا - بارا يىراقلاشقاندەك يېنىكلەپ قالدى، ئەمەلىيەتتە ئۇ، باھار پەسلىدە ئالدىراش بولىدىغان كەسپىي ئىشلار

قايىنىمىغا سىڭىپ كەتتى، دېھقانچىلىق ئىشلەپچىقىرىشى ئۈچۈن قەرز پۇل ھەل قىلىش، تەكشەش، تارقىتىش خىزمىتى ئۇنى ئۆزىنى ئۇنۇتقان ھالدا ئىشلەشكە مەجبۇر قىلدى. بۇ ئىشلارغا بىر قولنى ئىككى قىلالمايۋاتقاندا، ناھىيىلىك ھۆكۈمەت پۈتۈن كادىرلارنى ئاققاش رايونىغا ئاتلىنىپ، يەر ئېچىش، يول ياساش، ئۆستەڭ قېزىش، دەل - دەرەخ تىكىش ئەمگىكىگە ئورۇنلاشتۇردى. بۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ يۈكى تېخىمۇ ئېغىرلاشتى. قېرىشقاندەك يول ياساش، ئورمان بەلبېغى چىقىرىش قۇرۇلۇشىدا ئۇلارغا ئەمگەك كۈچى كۆپ كېتىدىغان، شارائىتى ئىنتايىن ناچار بىر يارلىق تەقسىملەنگەنىدى. ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك: بانكىنىڭ پۇلى كۆپ، ئۆزى قىلالماي قالسا، پۇلغا زورلاپ قىلدۇرىدۇ، پۈختا ئىشلەيدۇ، ھەر ئاماللار بىلەن ۋەزىپىنى ۋاقتىدا ئورۇندايدۇ، دەپ بىزگە مۇشۇنداق ناچار يەرنى بېرىپتۇ، دەپ غۇدۇراشتى. ئابدۇللا سايىم قول ئاستىدىكىلەرگە ئىدىيىۋى تەربىيە ئىشلەپ: «تەشكىل بىزگە ئىشىنىپ، ئالاھىدە مۇشۇ يەرنى بېرىپتۇ، بىز ئۈمىدنى يەردە قويساق بولمايدۇ، بۇ يەر بىزنىڭ ئەجرىمىز بىلەن كۆكەرسە، پەخىرلەنسەك بولىدۇ» دېدى ۋە ئىككىلىنىپ ئولتۇرماي، ئىشچى - خىزمەتچىلەرنى ئەگەشتۈرۈپ، جىددىي ئىشقا كىرىشىپ كەتتى. ئىشچى - خىزمەتچىلەر ئىشخانىلارنىڭ ئىشىكىنى تاقاپ، جىمىسى ئەمگەككە ئاتلاندى، گەرچە بەزىلەر پۇل تۆلەپ بۇ ئىشتىن قۇتۇلۇشنى ئوتتۇرىغا قويغان بولسىمۇ، ئابدۇللا سايىم: «باشقىلارمۇ قىلىۋاتامدۇ؟ ئۆزىمىز قىلالايدىغان ئىشنى نېمىشقا باشقىلارغا بەرگۈدەكمىز، ياخشىسى قۇرۇق خىيالنى قويۇپ ئىشلەيلى» دېدى. ئەمگەك ھەقىقى-

تەن چاپالىق بولدى، يارلىق يىراق جايدىن تۇپا يۈتكەپ كېلىنىپ تولدۇرۇلدى ۋە چىڭداپ قاتۇرۇلدى، ئابدۇللا سايىم بۇ ئەمگەكتە ئىنچىل باشلامچى بولدى، ئۇ، ھەر كۈنى باشقىلاردىن بالدۇر ئىشقا كىرىشسىمۇ ھەممىنىڭ كەينىدىن چۈشەتتى، كۈنلىكى 10 – 12 سائەتلەپ ئىشلىگەچكە، ھېرىپ ھالىدىن كېتەي دەپ قالاتتى، بۇنداق چاغدا، باشقىلار مەندىنمۇ بەكرەك ھاردى دەپ ئويلايتتى، ئۇلار ھەر كۈنى توك ياراتتى، بۈگۈن يارغان توك ئەتىسى ئېرىپ قالاتتى، بۇنىڭدىن ئابدۇللا سايىم مۇنداق بىر داۋلىنىسى چۈشەندى: «بۇ بىر كارامەت مۆجىزە ئىكەن، – دەپ ئويلىدى ئۇ، – ئېرىمەيدىغان توك، تۈگىمەيدىغان دۆك، يەتكىلى بولمايدىغان مەنزىل، يەشكىلى بولمايدىغان تۈگۈن، تۈگەتكىلى بولمايدىغان ئاداۋەت يوق... توۋا، ئاۋۇلار ماڭا ئەجەبمۇ قىلدى-ھە؟! كېيىن ياخشى كۆڭلۈمنى چۈشىنىپمۇ قالار؟! ئادەم ھامان يۇمشايدۇ، ھاياتنى چۈشىنىدۇ، ئۆزلىرىمۇ شۇنداق بىر ئىشقا دۇچ كەلگەندە ئەجەبمۇ قىلغانىكەنمىز – ھە؟ دەپمۇ قالىدۇ تېخى... بولدى، چاھاننىڭ ئىشلىرى شۇنداق ئىكەن، ھەر قانچە كۆڭۈل ئاغرىقى بولسىمۇ كۆڭلۈمدىن چىقىرىپ تاشلاي!»

ھارغىنلىق تەسىردە پەيدا بولغان ئەپۈچانلىق ئۇنىڭ كۆڭلىنى بىر قېتىم ئاقارتقاندەك بولدى. ئەمگەكمۇ ئون نەچچە كۈندە ئاخىرلاشتى ۋە ۋەزىپە نەتىجىلىك ئورۇندالدى. ئۇلار ئۆز خىزمەت ئورۇنلىرىغا قايتتى، جىددىيچىلىك ئۇلارنى تەرەپ – تە-

رەپتىن قاپسىۋالدى. كەسپىي ئىش ئۇلارنى ئالدىغا سېلىۋالغانىدى. ئەمما، بېجىرمەي ئامال يوق. ئابدۇللا سايىم ئەتىگەندىن-كەچكىچە ئارام ئالالمايتتى؛ ئۇ، سىرتقا چىقسىلا قەرز ئالغۇچى ھاجەتمەنلەر نەدىندۇر پەيدا بولاتتى - دە، چۈجىلەردەك «چۇكۇلداپ» كەينىگە كىرىۋالاتتى. ئىشخانىغا كىرسە، ئۇ ئىدارە، بۇ يېزا، ئۇ باشلىق، بۇ ئەمەلدار تېلېفون بېرەتتى، بۇلار ئاز كەلگەندەك خەت يېزىپ، ئادەم ئەۋەتىپ، پۇل قەرز بېرىشنى ھاۋالە قىلاتتى. ئابدۇللا سايىمۇ بۇنىڭغا كۆنۈپ كەتكەچكە زېرىكمەيتتى ھەم تېرىكمەيتتى، چۈنكى ھەر يىلى ئەتىياز، كۈزدە مۇشۇنداق بولىدىغانلىقى ئۇنىڭغا ئايان ئىدى. ئۇ، ئارام ئالالمىسىمۇ، تاماقنى ۋاقتىدا يېيەلمىسىمۇ، ئۇلارنىڭ ھەممىسىگە ھەم لايىقىدا، ھەم قايىل قىلارلىق جاۋاب بېرەتتى ياكى مۇۋاپىق ھەل قىلىشقا تىرىشاتتى، كۈزدە ئابدۇللا سايىم بانكا خىزمەتچىلىرى ئىگىلىگەن ئەھۋال ئاساسىدا نەقمەيدانغا بېرىپ، قەرز يىغىشقا رىياسەتچىلىك قىلاتتى، كۆرۈلگەن كونكرېت مەسىلىلەرگە قارىتا كونكرېت چارە بەلگىلەيتتى. ئەمما، ئىشلارنىڭ ھەممىسى ئوڭۇشلۇق بولۇۋەرمەيتتى، بەلكى باش قاتۇرىدىغان قىيىن ئىشلارنىڭ ھەممىسى ئۇيان بېرىپ - بۇيان بېرىپ ئۇنى تاپاتتى.

1984 - يىلى ئابدۇللا سايىم قاغىلىق ناھىيىلىك يېزا ئىگىلىك بانكىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى، بانكا پارتىيە ياچېيكىسىنىڭ مۇئاۋىن شۇجىسى بولدى. ئۇنىڭ كونكرېت ۋەزىپىسى يېزا ئامانەت - قەرز

كوپېراتىپلار بىرلەشمىسى بىلەن ھەر قايسى يېزا ـ بازارلىق بانكا تىجارەت پونكىتلىرىنىڭ خىزمەتلىرىگە بىۋاسىتە يېتەكچىلىك قىلىش ئىدى. بۇ يېڭى ۋەزىپە ئۇنى تېخىمۇ ئالدىراش قىلىۋەتتى. خىزمەتنىڭ نورمال جىددىيچىلىكىدىن باشقا، تاسادىپىي ھادىسىلەرمۇ ئۇنىڭ خىزمەت سالمىقىنى ئاشۇرۇپ بارماقتا ئىدى.

6

ــ ئاخاڭجاڭ، ئۇششاقباش شۆبىنىڭ مۇتەسسكلىتى ناھىيلىك بانكىنىڭ ماشىنىسى بىلەن سوقۇشۇپ، بىر ئادەم ئۆلۈپتۇ، بىر ئادەم ئېغىر يارىلىنىپتۇ، قانداق قىلىمىز؟

ــ دەرھال نەقمەيدانغا بارايلى!

ــ ئاخاڭجاڭ، زوڭلاڭ شۆبىنىڭ كاسسىرى ×× ئېسىلىپ ئۆلۈۋاپتۇ...

ئەلۋەتتە، ھەر قانداق ئىشنىڭ ئۆزىگە چۇشلۇق دەردى بولىدۇ. تېخىمۇ يامان يېرى، مۇشۇنداق خېيىم ـ خەتەرنىڭ دەرد ـ ئەلىمى كۆپ، جەريانى مۇرەككەپ، ئېچىنىشلىق بولىدۇ. تۇرمۇشتا بۇنداق خېيىم ـ خەتەر دائىم بولۇپ تۇرىدۇ، ئابدۇللا سايىمنىڭ قول ئاستىدىكىلەرمۇ بۇنىڭدىن مۇستەسنا ئەمەس ئىدى. بۇخىل تاسادىپىي ۋەقەلەردىن باشقا، سۈنئىي ھادىسىلەرمۇ پات ـ پات يۈز بېرەتتى. ئالايلۇق، 1991 ـ يىلى بۇ ناھىيىنىڭ چارباغ يېزىلىق يېزا ئامانەت ـ قەرز كوپېراتىپ پونكىتىنىڭ مۇدىرى ×× 66 مىڭ يۈەنگە، غوجا ئېرىق يېزىلىق يېزا ئامانەت ـ قەرز كوپې-

راتىپىنىڭ كەسپىي كادىرى ×× 32 مىڭ يۈەنگە، 1984ـ
يىلى يىلقىچى يېزىلىق ئامانەت-قەرز كوپېراتىپىدىكى
×× 2080 يۈەنگە، 1993ـ يىلى سايباغ يېزىلىق
ئامانەت - قەرز كوپېراتىپىدىكى
×× 77 مىڭ 400 يۈەنگە، 1988ـ يىلى جايتېرەك
يېزىلىق ئامانەت-قەرز كوپېراتىپ پونكىتىدىكى كەسپىي
خادىم ×× 28 مىڭ يۈەنگە خىيانەت قىلدى. ئەل-
ۋەتتە، ئادەم بار يەردە مۇنداق ئىشلاردىن ساقلان-
غىلى بولمايتتى؛ ئۇنىڭ ئۈستىگە بۇ سىستېمىنىڭ
قۇرۇلمىسى ۋە خىزمەت دائىرىسى جەھەتتىن ئالغان-
دىمۇ بۇنداق ئىشلاردىن ساقلىنىش تەس ئىدى.
ئالايلۇق، 1995ـ يىلىدىكى سان ستاتىستىكىسىدىن مە-
لۇم بولۇشىچە، ناھىيە تەۋەسىدىكى 16 يېزا ئامانەت-
قەرز كوپېراتىپى، 40 تارماق ئامانەت - قەرز كوپې-
راتىپىنىڭ ئىشچى - خىزمەتچىسى 174 نەپەرگە، تار-
قاتقان قەرز سوممىسى 99 مىليون 975 مىڭ 541 يۈەن-
گە، ئامانەت قالدۇقى 88 مىليون 231 مىڭ 930 يۈەن-
گە يەتكەن، بۇ سەل قاراشقا بولمايدىغان زور ئىق-
تىسادىي ئەمەلىي گەۋدە ۋە دىققەتنى تارتىدىغان
مەسىلە ھېسابلىناتتى. ئىنچىكە تەھلىل يۈرگۈزگەندە
ئۇنى زىددىيەت، خۇشاللىق ۋە ئىقتىسادىي خېيىم-
خەتەرنىڭ مەنبەسى دېيىشكە بولاتتى. ئەھۋال مانا
مۇشۇنداق تۇرسا، مۇتلەق يوچۇق بولمايدۇ، دېيىش
ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن كېلەمدۇ؟ ۋاقىتلىق بولسىمۇ
يوچۇق ۋە پۇرسەت بولماي قالامدۇ؟
جۇ ئايىرىم كىشىلەر ئۈچۈن خىز-

ھەتتىدىكى قولايلىقتىن پايدىلىنىپ نەپسانىيەتچى-
لىك قىلىشنىڭ پۇرسىتىنى يارىتىپ بېرەتتى. ئاب-
دۇللا سايىم ئىمكانىيەتنىڭ بېرىچە بۇ خىل خېيىم-
خەتەرنى ئازايتىشقا، دۆلەت ۋە ئىشچى-خىزمەتچى-
لەر مەنپەئەتىنىڭ زىيانغا ئۇچرىشىنىڭ ئالدىنى
ئېلىشقا تىرىشتى، بۇ جەھەتتە ئۇ ئالدىنى ئېلىش،
دەرھال پاش قىلىش مەسىلىسىگە ئەستايىدىل پوزىتى-
سىيىدە بولۇش، ئەتراپلىق ھەل قىلىش، ئۈنۈملۈك تەد-
بىر تۈزۈپ يولغا قويۇش ئۇسۇللىرىنى قوللاندى. ئۇ
ئۆزىدىكى ئارتۇقچىلىقلارنى جارى قىلدۇرۇشقا ماھىر
ئىدى. ئىرادىسىگە خىلاپ ھادىسە كۆرۈلسە تولىمۇ
بىئارام بولاتتى، دائىم نەقمەيدانغا بېرىپ ئىش بې-
جىرەتتى، بەزىدە ئاي-ئايلاپ ئائىلىسىگە، ئىدا-
رىسىگە قايتالمايتتى، مەسىلىنى تۈپ يىلتىزىدىن
ھەل قىلىشنى تىرىشىپ ئىشقا ئاشۇراتتى. ئەمما، بە-
زى ئادەملەرنىڭ پۇل ۋە شەخسىي مەنپەئەتىگە بول-
غان ھېرسىياتى چوقۇم رېئاللىقتىن ئۈستۈن تۇرىدۇ،
ۋىجدانىنى بىر چەتكە قايرىپ قويىدۇ. مانا شۇنداق
بولغاچقا ئابدۇللا سايىم: «دائىم ئايرىم كىشىلەر
ھامان ‹خام سۈت ئەمگەن› ئادەملىك خۇسۇسىيىتىنى
ئاشكارىلىماي قالمايدۇ» دەپ قارايتتى. شۇڭا ئۇ
مەسىلىلەرگە قارىتا تولىمۇ سەگەك، ئېھتىياتچان ئى-
دى. ھەر قېتىم ئاساسىي قاتلامغا بارسا، كەسپىي
خادىملارنىڭ تۇرمۇش، خىزمەت ئىشلەش، مۇلازىمەت
قاتارلىق ئەھۋاللىرىنى سورۇشتە قىلاتتى، پۇل، ئې-
لىم-بېرىمدىكى نامۇۋاپىق ئىشلارنى كۆڭۈل قو-

يۈپ ئىگىلەيتتى، مەسىلە بولسا دەرھال ھەل قىلىنات-
تى. 1988- يىلىدىن تارتىپ، ئابدۇللا سايىم ئامانەت-
قەرز كوپېراتىپ بىرلەشمىسىنىڭ مۇدىرلىق ۋەزىپىسى-
نىمۇ قوشۇمچە زىممىسىگە ئالدى، ئۇ بىر قانچە يىل-
لىق ئەمەلىي خىزمەت تەجرىبىلىرىگە ئاساسەن شۇ
يىلى ئامانەت-قەرز كوپېراتىپلىرىدا ئىككى كىشى
بىرلىكتە ئىش بېجىرىش تۈزۈمىنى ئومۇمىيۈزلۈك يول-
غا قويدى. ئىلگىرى كۆپلىگەن ئامانەت - قەرز كو-
پېراتىپلىرىدا ئامانەت توپلىغۇچى خادىملارنىڭ
ھەممىسى ھەم ھېساب تۇتاتتى، ھەم پۇل تۇتاتتى. بۇ،
پۇل مۇئامىلە بەلگىلىمىلىرىگە خىلاپ ئىش بولۇپ،
ئاسانلا ئىقتىسادىي مەسىلە كېلىپ چىقاتتى، ئىككى
كىشى بىرلىكتە ئىش بېجىرىش تۈزۈمى بۇ خىل ئەھ-
ۋاللارنىڭ ئالدىنى ئالدى ۋە نۇرغۇن ئارتۇقچىلىق-
لىرىنى ئەمەلدە كۆرسەتتى. شۇنىڭ بىلەن بىر چاغ-
دا زىددىيەتمۇ كېلىپ چىقتى، يەنى، كەسپىي خادىم-
لارنىڭ خىزمەت دائىرىسى كېڭىيىپ كەتتى، ئىشخانا
ئەسلىھەلىرى يېتىشمىدى، بۇ خىل يېڭى ئەھۋالغا
ئاساسەن ئابدۇللا سايىم ئىككى كىشى نۇقتىدا مۇقىم
تۇرۇش، ئىش بېجىرىش نۇقتىلىرىنى تاللاپ تۇرغۇزۇش،
ئىشخانا، ئەسلىھە قاتارلىقلارنى ئارىيەت ئېلىپ
سەپلەش تەدبىرىنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، قىيىن ئۆت-
كەلدىن ئۆتۈۋالدى. كېيىن ناھىيىلىك يېزا ئامانەت-
قەرز كوپېراتىپ بىرلەشمىسىنىڭ 30 مىڭ يۈەندىن
كۆپرەك مەبلەغ سېلىشىنى قولغا كەلتۈرۈپ، ئىشخانا-
ئەسلىھەلىرىنى يۈرۈشلەشتۈردى، 1990- يىلىدىن باش-

لاپ، ئۇ قەرز تاپشۇرۇشتىكى قاتماللىقنى ئۆزگەرتىش ئۈچۈن يەنە بىر قاتار ئىسلاھاتلارنى ئېلىپ باردى. قەرز ئېلىش ۋاقتىدىكى توختامدىن تارتىپ، كېپىللىك رەسمىيەتلىرىگىچە، قەرز پۇل ئېلىش ئىلتىماسىدىن تارتىپ، قايتۇرۇش پىلانلىرىغىچە بولغان رەسمىيەتلەرنى ئەستايىدىل، تولۇق، ئەتراپلىق بېكىتىشنىڭ ئۇسۇل، چارە، تەدبىرلىرىنى تۇرغۇزۇپ يولغا قويدى ۋە تەشۋىق قىلدى. ئۇ 1991- يىلى يېڭىچە ئىقتىسادىي تۈزۈلمە، يېڭىچە بازار ئىگىلىكىنىڭ تەلىپىگە ماسلىشىش يۈزىسىدىن بۇنىڭغا مۇناسىپ قوغداش، بىخەتەرلىك تەدبىرلىرىنى مۇنتىزىملاشتۇردى.

ئادەملەر ھامان رامكىدىن، زۆرۈرىي قانۇنىيەتلەرنىڭ چەكلىمىسىدىن قۇتۇلالمايدۇ. ئەمما، ئابدۇللا سايىم بەزىلەرنىڭ ھەممىلا ئىشتا تۈزۈلمىدىكى رامكىلارنى دەستەك قىلىۋېلىپ، باشقىلارنى قارىغۇيۇق بىر تاياقتا ھەيدىشىگە، ئاۋارىچىلىق تېرىشىغا يول قويمايتتى. ھەممە ئىشتا دېگۈدەك باشقىلار بىلەن بامەسلىھەت ئىش قىلاتتى ۋە جانلىق ئىشلەشنى تەشەببۇس قىلىپ، داغبازلىق ۋە مەمەدانلىقنى ئۆچ كۆرەتتى. ھېلىقىدەك ھادىسىلەر كۆرۈلگەندە باشقىلاردىن بەكرەك ئازاب چېكىپ، پاراكەندە بولاتتى، بۇنداق كۆڭلى يۇمشاقلىق ئۇنىڭ روھىي بېسىمىنى ئېغىرلاشتۇراتتى. ئۇ گاھىدا، ھايات نېمىشقا ماڭا مۇشۇنداق رەھىمسىزلىكلەرنى كۆرسىتىدىغاندۇ دەپ ئويلايتتى.

خىيال بىلەن رېئاللىق باشقا - باشقا ئىش، ئۇلارنى بىر - بىرىگە باغلاش مۇمكىن ئەمەس. شۇڭا، ئاساسىي ھادىسىلەر ئادەمنىڭ رايىغا باقمايدۇ، ئۇ، ئويلىمىغان، خىيال قىلمىغان يەردىن يۈز بېرىدۇ. ئابدۇللا سايىم نەچچە يىللار مابەينىدە باشقىلار بولۇۋاتقان ھادىسىلەرگە ئاھ ئۇردى، ئازاب چەكتى، ئەمما ئۆزىمۇ بۇنداق كۈتۈلمىگەن ھادىسىلەرنىڭ بېشىغا كېلىشىدىن ساقلىنالمىدى: ئۇ، 1995- يىلى ناھىيىلىك يېزا ئامانەت-قەرز كوپېراتىپ بىرلەشمىسىنىڭ نەقچوت يىغىنىنى ئاچقاندا، ھەر قايسى يېزىلاردىن كەلگەن بوغالتىر، تەپتىشلەردىن بولۇپ 60 نەچچە ئادەم قاتناشتى. يىغىندا، شۇ يىللىق ھېساباتنى 12- ئاينىڭ 30- كۈنىدىن بۇرۇن بوغۇش، ئاتچوتنى تەلەپكە لايىق ئېلىش، كېلەر يىللىق ھېسابات، پۇل مۇئامىلە ئىشلىرىنى كۆڭۈللۈك يۈرۈش-تۈرۈشنىڭ ئاساسىنى سېلىش ئوتتۇرىغا قويۇلدى. ئۇ يىللاردىن بۇيانقى ئاتچوت ئېلىش خىزمىتىنىڭ تەجرىبە - ساۋاقلىرىغا ئاساسەن، ئۆزى قول تىقىپ ئىشلەپ، باشقىلارغا ئۈلگە كۆرسىتىپ يېتەكچىلىك قىلدى. يىغىن جىددىي باسقۇچقا كىرگەن 12- ئاينىڭ 30- كۈنى ئابدۇللا سايىم كېچە سائەت 12 غىچە ئىشلەپ، بىرلەشمىدە ياتاق يېتىشمىگەنلىكتىن ئۆيىگە قايتىپ كەتمەكچى بولدى. بىرلەشمىنىڭ شوپۇرى ئۇنى ئاپىرىپ قويۇپ، ئەتە سەھەردە ئېلىپ كېلىشنى ئېيتقان بولسىمۇ، ئۇ، پەقەت ئۇنىمىدى. نەتىجىدە،

بىرلەشمە قارىمىقىدىكى پۈل ئامانەت پونكىتىنىڭ
ئەينى چاغدىكى مۇدىرى ئەخمەت نىيازەمەت موتسىك-
لىت بىلەن ئالغاچ كەتتى. يىغىن ئورنى بىلەن ئۇ-
نىڭ ئۆيىنىڭ ئارىلىقى ئۈچ كىلومېتىر كېلەتتى. ئە-
خمەت نىيازەمەت ئەتىسى سەھەر سائەت بەشتە ئورنى-
دىن تۇرۇپ ئۇنى ئېلىپ ماڭغىلى ئۆيىگە باردى. قىش
كۈنلىرى بولغاچقا ئەتراپ قاراڭغۇ، هاۋا سوغۇق ئى-
دى. ئۇلار يولغا چىقىپ قاغىلىق ناهىيىلىك سۇ ئىشلىرى
ئىدارىسىنىڭ سەي-كۆكتات ئېتىزى ئۇدۇلىغا كەلگەندە
بىر توپ ئىتنىڭ هۇجۇمىغا ئۇچرىدى. تۇيۇقسىز يۈز
بەرگەن بۇ ئىش ئۇلارنى قورقۇتىۋەتتى. ئەخمەت نى-
يازەمەت موتسىكلىتنىڭ سۈر ئىتتىنى تېزلەتتى. «بالا -
قازا كۆرۈنۈپ كەلمەس، پۇت - قولىنى ساقلى-
تىپ» دېگەندەك موتسىكلىت يولدا قېتىپ قالغان
مۇزغا تېيىلىپ تەڭپۇڭلۇقىنى يوقىتىپ يىقىلدى.
ئابدۇللا سايىم ئاكىنىڭ سول پۇتى، ئەخمەت نىيازە-
مەتنىڭ بىر قانچە ئەزايى ئوخشاش بولمىغان دەرى-
جىدە زەخىملەندى. ئۇلار ئورۇنلىرىدىن تەستە تۇ-
رۇپ، بىر - بىرىگە بولغان خىجىللىقىنى يوشۇرالمى-
غان هالدا بىرلەشمىگە قاراپ يۈرۈپ كەتتى. ئابدۇللا
سايىم شۇ كۈنى هوشۇق قىسمىنىڭ قاتتىق ئاغرىۋات-
قانلىقىنى هېس قىلالىغان بولسىمۇ، ئۇۋۇلاپ قويۇپ
ئىشلەۋەردى، ئەتىسىدىن باشلاپ ئورۇن تۇتۇپ يې-
تىپ قالدى. ئۇنىڭ چوڭ - كىچىك تاھارەتكە بارغۇ-
دەكمۇ مادارى يوق ئىدى. ئائىلىسىدىكىلەر نىڭ دوختۇر-
خانىغا ئېلىپ بېرىپ تەكشۈرتۈش نەتىجىسىدىن مە-

لۇم بولۇشچە، سول پۇتىنىڭ ھوشۇق قىسمى سۇنغان ۋە يېرىلغانىدى. بالا ـ چاقىلىرى ئۇنىڭغا: «ھە دېسە خىزمەت، خىزمەت دەيسىز، مانا ئەمدى ئازابچېكىپ ياتىسىز، نەچچە ماشىنا بولغاندىن كېيىن، شۇنىڭدا بېرىپ ـ كەلگەن بولسىڭىزمۇ مۇشۇ ئىش بولمايتتى؟! خىزمەتنى ساق بولسا ئىشلىگىلى بولىدۇ ئەمەسمۇ» دەپ تاپا ـ تەنە قىلىشتى.

ـــ ھېچقىسى يوق، ساقىيىپ كېتىمەن، ئالدىراش چاغدا ھە دېسە شوپۇرنى ئاۋارە قىلسام بولمايدۇ. ئۇلارمۇ كەچلىرى ئوبدان ئارام ئالمىسا، بىخەتەرلىكى دەخلىگە ئۇچراپ، خىزمەت ئاقساپ قالىدۇ...، دېدى ئابدۇللا سايىم ئۇلارغا تەسەللىي بېرىپ.

ئۇ، دوختۇرلارنىڭ ياتاقتا يېتىپ داۋالىنىش، ئالتە ئاي ئارام ئېلىش توغرىسىدىكى تەكلىپ، دەۋەتلىرىنى ئاڭلاپ تېخىمۇ ئازابلاندى. بىراق، ھازىرچە ماقۇل دېمەيمۇ بولمايتتى. ئۇ، پۇتىنى تاڭدۇرۇپ، دوختۇرخانىدا بىر ھەپتە ياتقاندىن كېيىن، ئائىلىسىگە قايتىپ كۆتۈندى. باشقىلار دوختۇرخانىدا ياتقانىنىڭ پايدىسى ئۈستىدە سۆزلىگەندە، ئۇ، چۈشەندۈرۈپ شۇنداق دېدى: «مېنىڭ كېسىلىم بىر قانچە كۈندە ساقىيىدىغان، جىددىي داۋالىمىسا چاتاق چىقىدىغان كېسەللىك ئەمەس. ئۆيدە داۋالانسام، كۆپ جەھەتتىن قولاي بولىدۇ، يەنى، تاماقنى ۋاقتى ـ قارارلىق يېيەلەيمەن. ئىدارىنىڭ دوختۇرخانىغا تۆلەيدىغان بىر قىسىم پۇلىنى تېجەپ قالىمەن. يەنە بىر

مۇنچە خىزمەتلەرنى يۇرۇشتۇرۇپ كەتكىلىمۇ بولىدۇ»

ئۇ، پۈت ئاغرىقىنىڭ دەردىنى يەتكىچە تارتتى، ئۆمرىدە بۇنداق ئاغرىپ يېتىپ قالمىغاچقا بەكمۇ ئېغىر كەلدى. لېكىن شۇنداق ئەھۋالدىمۇ روھىي بېسىمنى يېڭىپ، بىرلەشمىنىڭ خىزمىتىنى سۆيلەپ، ئىش ئورۇنلاشتۇرۇپ، باشقىلارغا كېسەللىكىنى، ئىدارىدە يوقلۇقىنى ھېس قىلدۇرمىدى. ئۇ، توپتوغرا 56 كۈن بولغاندا قولتۇق تايىقىغا تايىنىپ ئىشقا چىقتى. بۇ دەل 1996 - يىل ئەتىياز پەسلى بولۇپ، دېھقانچىلىق ئىشلەپچىقىرىشى مەبلىغىنى تەشكىللەيدىغان ئالدىراش مەزگىل ئىدى. مەبلەغ يېتەرسىزلىكىنى جىددىي تولۇقلاشقا توغرا كېلەتتى. شۇڭا، ئۇ، يەكەن، پوسكام قاتارلىق ناھىيىلەرگە ئالتە نۆۋەت بېرىپ، قوشنا بانكىلاردىن 6 مىليون يۈەن پۇل ھەل قىلىپ، دېھقانلارغا تارقىتىپ بەردى. بۇ جەرياندا ئۇنىڭ ئاغرىق پۇتى ئىششىپ كەتتى. سۆڭەك ئورنى ئوبدان ئەسلىگە كەلمەي، يېرىم - يارتا ساقىيىپ قالدى، بۇ كېلىشمەسلىك ئۇنىڭغا نۇرغۇن جىسمانىي ۋە روھىي ئازاب ئېلىپ كەلگەن بولسىمۇ، خەلق ئۈچۈن بېرىلىپ ئىشلەشتەك قىزغىنلىقىنى قىلچە سۇسلاشتۇرۇۋېتەلمىدى.

## 8

ئابدۇللا سايىم بەزىدە ئۆتكەن ھاياتىنى ئەسلەپ قالاتتى. ئەلۋەتتە، ئەسلىمە ئادەمنى روھلاندۇرىدۇ، جاسارىتىنى ئۇرغۇتۇپ، قەلبىنى غايىۋى ئارزۇلارغا تولدۇرىدۇ. ئابدۇللا گۆدەك چاغلىرىدا، تولىمۇ جىمغۇر، كەم سۆز، تەمكىن بالا بولۇپ، 1956 - يىل-

لى قاغىلىق ناھىيىلىك يېزا ئىگىلىك بانكىسىغا كا-
دىرلىققا قوبۇل قىلىنغاندىن كېيىنمۇ بۇ خىل خۇسۇ-
سىيىتىنى ساقلاپ قالغانىدى، كېيىنكى يىللاردا بۇ
خۇسۇسىيەتكە قەتئىيلىك، جاپاغا چىداپ ئىشلەش
روھى قوشۇلدى. بۇ ئۇنىڭ خىزمەتتە تېزلا ئالغا بې-
سىشىغا تۈرتكە بولدى. ئۇ كەسىپ، ئەخلاق، ئىقتىدار
جەھەتتە رەھبەرلىكنى رازى قىلىپ، خىزمەتداشلىرى
ۋە مۇئامىلىدارلارنىڭ سەمىمىي ھىمايىسىگە ئېرىشتى:
1984 - يىلىغىچە ئارىلىقتا، بانكا كەسپىنىڭ ھەممە
ساھەلىرى بىلەن تونۇشۇپ، ئۇنىۋېرسال كەسپىي خا-
دىم بولۇپ يېتىشتى؛ ئەتراپلىق قابىلىيەتكە ئىگە
بولۇپ ئۆسۈپ يېتىلىش تۈپەيلى ئەمەل تاجىسىمۇ
كىيدى. ئۇ، بۇنىڭدىن يېتەرلىك ئىلھام ئېلىپ، بار-
لىق مۇھەببىتى ۋە سۆيگۈسىنى ئۆز كەسپىگە بېغىشلى-
دى. ئۇ، ھەرقانچە زور مۇۋەپپەقىيەت ۋە نەتىجىلەرنى
قازانغاندىمۇ ۋۇجۇدىدىن مەغرۇرلۇققا ئورۇن بەرمەي،
ئەقىل - پاراسىتى ۋە قابىلىيىتىنى جارى قىلىشنى
ئۆز بۇرچى ھېسابلىدى؛ ئۆزىنى، ئۆز تۇرمۇشىنى ئىس-
تىقبالىغا ئىگە قىلىدىغان قىممەتلىك پۇرسەتلەرنىڭ
ھەممىسىنى ئۆز كەسپىگە رازىمەنلىك بىلەن بەخش ئەت-
تى. ھالبۇكى، ئۆزى چىن قەلبىدىن سۆيىدىغان پۇل
مۇئامىلە كەسپى ئۇنىڭ ھەممە نەرسىسىنى ئۆزىگە
رام قىلىۋالغانىدەك ئىدى. ئۇنىڭ ۋۇجۇدىدا دائىم
مەۋج ئۇرۇپ تۇرىدىغان بىر خىل ئىچكى مۇھەببەت،
ئېگىلمەس - سۇنماس بىر خىل روھ قەلبىنى چىرماپ،
ئاجرىيالماس قىلىۋەتكەنىدى . ئۇنىڭ

قەلبى بىرەر قېتىممۇ ئۆز كەسپىدىن ئايرىلىشنى
نىيەت قىلىپ باقمىدى.

بۇلارنىڭ ھەممىسى بىرخىل ئاجايىپ قەيسەر روھ-
تىن بولسىمۇ، لېكىن ئابدۇللا سايىم خىزمەتتە قاتمال
باشقۇرۇش ئۇسۇلىغا كىرىدىغان رامكىلارنى قوللىنىپ
باققىنىنى بىلمەيتتى ھەم بۇنداق قىلىشنى ياقتۇر-
مايتتى. يەنە بىر مەنىدىن ئالغاندا، باشقىلار ئۇنى
ئۆزىگە قوللانسىمۇ ماس كەلمەسلىكى مۇمكىن دەپ
قارايتتى. شۇنداق بولغاچقا ئۇ، خىزمەت جەريانىدا
قالاق، قاتمال، ئەسەبىي خىزمەت قىلىش ئۇسۇلىنى قول-
لىنىپ قول ئاستىدىكىلەرنى نارازى قىلىشنى، ئۇلارنىڭ
روھىنى بوغۇپ، ئەقىدە، ئەجىرىنى زىيانغا ئۇچرىتىشنى
خالىمايتتى ، شۇ سەۋەبتىن ، دوستلىرى ، خىزمەت-
داشلىرى ئۇنىڭدىن تولىمۇ رازى ئىدى. بۇ ماھىيەت-
تە باشقىلارنى ئۆزىگە مايىل قىلىش، خىزمەتنى جان-
لاندۇرۇپ ، تۆھپە يارىتىش بىلەن نەتىجىلىنەتتى .
ئۇزۇن يىللار داۋامىدا نۇرغۇن ئىشچى-
خىزمەتچىلەر ئۇنىڭ بىلەن ئورتاق نىشان ئۈچۈن
بىرلىكتە ئىشلىدى. كۆپچىلىك ئۇنى، ئۇ، كۆپچىلىك-
نى چۆرىدەپ خىزمەت قىلدى . ئۇنىڭ خىزمەت ئىش-
لەش ، يېتەكلەش ، تەشكىللەش سەنئىتى قول ئاس-
تىدىكىلەرنى قايىل قىلدى ، مۇئامىلە ، مۇناسىۋەت-
تىكى سەممىيى، ساداقەتمەنلىكى ، ئاق كۆڭۈل ، كۆ-
يۈمچانلىقى ، كىشى قەلبىنى سۆيۈندۈرىدىغان ئىش-
پائالىيەتلىرى چېچەكلەپ مېۋە بەردى . ئابدۇللا
سايىم 1988 - يىلى، ناھىيىلىك يېزا ئامانەت-قەرز

كوپېراتىپلار بىرلەشمىسىنىڭ مۇدىرلىق ۋەزىپىسىنى
ئۈستىگە ئالغاندىن كېيىن، نۇرغۇن ئىشلار ئۇنىڭ
زىممىسىگە يۈكلەندى. بۇ بىرلەشمە 1956 - يىلى
قۇرۇلغان بولۇپ، بىردەم ئۇنداق، بىردەم مۇنداق
ئۆزگەرتىلگەنلىكتىن كۆپلىگەن قالدۇق مەسىلىلەر ۋە
مۇرەككەپ زىددىيەتلەر مەۋجۇت ئىدى. تەشكىلىي
ئاپپاراتىمۇ چۇۋالچاق، باشقۇرۇش بىر قەدەر قالاق
ئىدى. ئۇنىڭ ئىچكى ئەھۋالىنى ھە دېگەندە ئۆز-
گەرتىش مۇمكىن ئەمەسلىكىنى ئابدۇللا سايىم ئوب-
دان بىلەتتى، شۇڭا، ئۇ، ئۆۋەتتىكى رىقابەتكە قار-
تا قەدەم - باسقۇچلۇق ھالدا ئىسلاھ قىلىشنى يولغا
قويدى. تۈزۈلمە، باشقۇرۇش، پۇل ئېلىم - بېرىم
ئىشلىرىدا بىر قاتار ئۆزگەرتىش، تولۇقلاش، مۇس-
تەھكەملەش ئېلىپ باردى، بىر قانچە يىل تىرىشىپ،
ئەسلىھە ۋە كەسپىي خادىملارنىڭ ساپاسىنى ياخشى-
لاشنى ئىشقا ئاشۇردى؛ بەش يىلدەك ۋاقىت ئىچىدە،
تۈرلۈك يوللار بىلەن خىيانەت قىلىنغان ۋە يوشۇ-
رۇۋېلىنغان 300 مىڭ يۈەنگە يېقىن پۇلنى ئېنىقلاپ،
بۇنىڭ ھەممىسىنى دېگۈدەك ئەسلىگە كەلتۈردى؛
يىللاردىن بۇيان باشقا جايلاردىن 100 مىليون يۈەن-
دىن ئارتۇق پۇلنى يۆتكەپ كېلىپ، ناھىيىنىڭ مەب-
لەغ كەمچىل بولۇش قىيىنچىلىقىنى ھەل قىلدى،
ئامانەت - پايدا قالدۇقىنى يىلمۇ يىل ئاشۇردى،
1996 - يىلغا كەلگەندە، بىرلەشمىنىڭ تۈرلۈك ئاما-
نەت پۇل سوممىسى 1979 - يىلغا قارىغاندا 60 نەچچە
ھەسسە، پاي سوممىسى 23.8 ھەسسە، ساپ پايدا

23.6 ھەسسە ، كوللېكتىپ جۇغلانمىسى 44.7 ھەسسە ئاشتى . 1995 - يىلنى ئالىدىغان بولساق ، « بىرلەشمە » نىڭ تۈرلۈك ئامانەت قالدۇقى 88 مىليون 231 مىڭ 930 يۈەنگە ، تارقاتقان قەرز سوممىسى 99 مىليون 975 مىڭ 541 يۈەنگە يەتتى . يەنە بىر نۇقتىدىن ئويلىغاندا ، بۇ نەتىجىلەر ، ھەم غايەت زور پايدا - مەنپەئەت يارىتىشنىڭ ئاساسى ، ھەم غايەت زور ۋەھىمە پەيدا قىلىدىغان ئىشلارنىڭ ئانىسى ئىدى . ئابدۇللا سايىم مۇشۇنداق مۇرەككەپ ئەھۋال ئالدىدا قىلچە يالتايماي ، پاك بولۇشتا چىڭ تۇرۇپ ، ئىش بېجىرگەندە ئادالەت تارازىسىنى چىڭ تۇتتى ، كادىر قوبۇل قىلىش ، يۆتكەشتىن تارتىپ، پۇل قەرز بېرىشكىچە بولغان ئىشلاردىكى يوچۇقلارنى پۇختا ئېتىپ ، ئۆزىمۇ ، باشقىلارمۇ خاتالىق سادىر قىلىشتىن ساقلاندى ، كۆپ قېتىملىق سوۋغا - سالام، پارىلارنى رەت قىلدى . ئاددىي - ساددا، تېجەشلىك بولۇشتىن ئىبارەت ئېسىل ئەنئەنىنى رەزىللىك ، قاراكۆڭۈللۈك ، رەسۋاچىلىقلارغا قالقان قىلدى . شۇڭا ، ئۇنىڭ مەسئۇللۇقىدىكى بۇ بىرلەشمە 1989 - يىلدىن بۇيان تۈرلۈك خىزمەتلەردە ئاپتونوم رايون بويىچە بىر قېتىم ، ۋىلايەت بويىچە بەش قېتىم ، ناھىيە بويىچە ئالتە قېتىم ئىلغار ئورۇن بولدى ، شۇ قاتاردا ئۆزىمۇ 20 قېتىم ناھىيە ، ۋىلايەت، ئاپتونوم رايون بويىچە مۇنەۋۋەر كومپارتىيە ئەزاسى ، خىزمەت نەمۇنىچىسى ، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىدىكى ئىلغار شەخس بولۇپ مۇكاپاتلاندى ۋە ئىلغار ئىش - ئىزلىرى بېيجىڭدە چىقىدىغان « ئىگىلىك تىكلەش خاتىرىلىرى » دېگەن مەجمۇئەگە كىرگۈزۈلدى، 1988-يىلى ئىقتىسادچى ئۇنۋانىغا ئېرىشتى .

9

كەسپىي ئالاھىدىلىكىم نۇقتىسىدىن بولسا كېرەك، كۆڭلۈمدە ياخشى تەسىراتلارنى قالدۇرغان كىشىلەرنى پەقەت ئۇنتۇيالمايمەن. شۇڭا بۇنداق شەخسلەرنىڭ يۇرتىدىن كەلگەن بىرەرسى بىلەن ئۇچرىشىپ قالسام، شۇ خىل تۇيغۇنىڭ تۈرتكىسىدە ئۇنى-بۇنى سوراپ، ئەھۋال ئۇقۇشقا قىزىقىمەن. بىر قانچە كۈننىڭ ئالدىدا، قاغىلىق ناھىيىسىدىن كەلگەن بىر دوستۇم بىلەن كۆرۈشۈپ قالدىم ھەمدە ئۇنىڭ كەسپىي ئالاھىدىلىكىگە ئاساسەن، ئابدۇللا سايىم ئاكىنىڭ ئەھۋالىنى سورىدىم.

— ئۇ ھەقىقەتەن قالتىس ئادەم! — دېدى دوستۇم قىزغىنلىق بىلەن ئىنكاس قايتۇرۇپ، — بۇلتۇر 10-ئايدا قاغىلىق ناھىيىلىك يېزا ئىگىلىك بانكىسىنىڭ بىرىنچى قول باشلىقلىقىغا ئۆستۈرۈلدى، كەسپىي قابىلىيىتى، رەھبەرلىك قىلىش سەنئىتى يۇقىرى بولغاچقا، بانكىنىڭ خىزمەتلىرىنى بىردىنلا جانلاندۇرۇۋەتتى، يىللىق ئامانەت توپلاش ۋەزىپىسىنى 16 مىليون يۈەن ئاشۇرۇپ ئادا قىلدى ۋە يىللاردىن بۇيان يىغىلماي قالدۇق بولۇپ قالغان 17 مىليون يۈەن قەرز پۇلنى ئورنىغا كەلتۈرۈشتە كارامىتىنى كۆرسەتتى... شۇڭا، يۇقىرى دەرىجىلىك ئورۇنلارنىڭ ياخشى باھاسىغا ئېرىشتى.

مەن گويا بىر قورساقتىن تۇغۇلغان ئاكام ماختىلىۋاتقاندەك ھاياجانلىنىپ، دوستۇمنىڭ ئاغزىغا قاراپ قالدىم.

1996-يىل 2-ئايدا قاغىلىقتا يېزىلدى.

1997-يىل 1-، 7-ئايلاردا قەشقەردە تولۇقلاندى.

# يىگىت روھى

## مۇقەددىمە

قەشقەر — قەدىمكى شەھەر، ئۇ ھەم سېھىرلىك، ھەم گىگانت بىر ئۇلۇغ، شۆھرەتلىك ماكان. ئۇنىڭ نەچچە مىڭ يىللىق ئۇزۇن تارىخى، شانلىق ۋە ئۆچ- مەس مەدەنىيىتى بار. ئۇنىڭ قوينىدا نى - نى بۈ- يۈك مۆجىزە، نى - نى شانلىق مىراسلار كۆمۈلگەن، بەرھەقكى، ئۇنىڭ قوينىدىكى بۇ بىباھا مۆجىزاتلار ئۆزى ھالال «ئاق سۈت» بېرىپ ئۆستۈرگەن ياراملىق ئەزىمەتلەرنىڭ ئەجرى بىلەن بارلىققا كەلگەن؛ بى- لىمىش كېرەككى، ئۇنىڭ ئۇتۇقى، شەرىپى ۋە سەۋەنلى- كى ئوخشاش بولمىغان دەۋر، ئوخشاش بولمىغان ھا- ياتىي پائالىيەتلەر جۇغلانمىسى ئارقىلىق نامايان بولغان؛ ئۇ، گاھىدا گىگانت ھالدا قەددىنى كېرىپ تۇرۇپ ئەجداد ۋە ئەۋلادلىرىغا مول نېمەتلەرنى بەر- گەن ۋە ئاتا قىلغان بولسا، گاھىدا شىددەتلىك ھۇۋلاپ، ئاچ - زېرىنلىق، قاباھەت ۋە جاراھەتنىڭ ئىسكەنجىسىدە قالغان يولۋاستەك تىترەپ، ھەم مە- يۈسلۈك، ھەم غەمكىنلىك ئىچىدە غېرىبسىنىپ ياتقان... مانا مۇشۇلارنىڭ ھەممىسى تارىخ، شۇنداقلا ئۇ تا- رىخ مەڭگۈلۈك بولۇپ قالدى. ۋەھالەنكى، بۇ شۆھ-

ـرەتلىك مەشھۇر قەدىمكى ئاستانىنىڭ مەغلۇبىيىتى مەڭگۈلۈك بولمىغىنىدەك، ئۇتۇق ۋە شان-شەرەپ ئال-دىدىكى مەغرۇرلۇقىمۇ مەڭگۈلۈك بولغىنى يوق، بۇ ئۇنىڭ ياراتقۇچىلىرى ۋە ئۇ ياراتقان ھەقدا ئىگى-لەرنىڭ مەڭگۈلۈك ئۇتۇق ۋە تۆھپىسى بارلىقىغا كەل-تۈرگەن ئىجادىيەت، ئەلۋەتتە. شۇنداق، ئەمما شۇنى-سى ئېنىقكى، بۇ ئۇتۇق، بۇ تۆھپە بىر ياكى بىر قانى-چە كەسىپكە، بىر ياكى بىر قانچە ئادەمگە مەنسۇپ ئەمەس. ئۇ، نۇرغۇن كەسىپلەرگە ۋە نۇرغۇن ئىمانى كامىل ئەركەكلەرگە مەنسۇپ! قول ھۈنەر-سەنئىتى ۋە ئۇنىڭ ئۇستىكارلىرى ئاشۇنداق ئۇتۇق ۋە تۆھپىنى ياراتقۇچىلارنىڭ بىر بۆلىكىدۇر. شۇ تاپتا، بۈ-گۈنكى دەۋردە پەرۋاز قىلىۋاتقان ئەنە شۇنداق ئىگى-لەردىن بىرسى كۆز ئالدىمىزدا نامايان بولۇپ تۇر-ماقتا. ئۇ، ئۆز خەلقى، ئۆز يۇرتىنىڭ پارلاق ئەتىسى ئۈچۈن كەڭ قۇچاق ئېچىپ، پارلاق تارىخ يارىتىش ئۈچۈن قان-تەر تۆكۈۋاتقان ياش يىگىت — ئابدۇ-رېشىت قارى ھاجىدۇر.

### ئىشتىياقتىن پەيدا بولغان سىر

1974 - يىلى ئابدۇرېشىت قارى ئۈچۈن ئۇنتۇل-غۇسىز يىل بولدى، ئۇ، كىچىك بولۇشىغا قارىماي، قەشقەر شەھەرلىك قول سانائەت كارخانىسىغا ئىشچى بولۇپ كىردى، تىرىكچىلىك يولىغا ئەمدىلا قەدەم قويغان بۇ ياش بوران-چاپقۇنلارنىڭ زەربىسىدىمۇ

ساپىقىدىن ئاجراپ كەتمەي مېۋە بولغان يېگانە چېـ
چەكتەك چوڭ بولغانىدى. شۇڭا، كارخانىغا كىرگەندىن
كېيىن، ھەممىنى ئۇنۇتقان ھالدا ئىشلىدى ھەمدە
بىر قانچە يىلغىچە توكچىلىق كەسپى بىلەن شۇغۇلـ
لىنىپ، بۇ كەسپىنىڭ ئەھلىگە ئايلاندى. ئۇ، بالا ئىشـ
چى ئىكەنلىكىگە قارىماي، تىرىشچان، ئىشتا ئەستاـ
يىدىل بولغاچقا، تېز پۈرسەتتىلا كەسپداشلىرى
ئارىسىدا ھۆرمەت تاپتى، ئۆز كەسپىدە نەتىجە ۋە
ئۇتۇققا ئېرىشتى.

ئابدۇرېشىت قارى دائىم دېگۈدەك قىزغىن، سەـ
ممىي بولۇپ، قىلغان ئىشلىرىدىن چاتاق چىقىرىپ
قويمايتتى، شۇنىڭدەك قول ئۇچىدىلا ئىشلەپ بولدى
قىلىۋەتمەيتتى، ئۆزىگە تېگىشلىك ۋەزىپە - كۆرسەتـ
كۈچلەرنى ھەمىشە سان - سۈپەت ئۆتكىلىنى ئىگەـ
لىگەن ئاساستا بالدۇر، ئاشۇرۇپ ئادا قىلاتتى، بۇ
ھال ئۇنى رەھبەرلىكنىڭ ئىشەنچىسىگە نائىل قىلدى.
نەتىجىدە، 1976 - يىلى كارخانا رەھبەرلىكى
ئۇنى كارخانا قارىمىقىدىكى سىمچىلىق گۇرۇپپىسىنىڭ
باشلىقلىقىغا تەيىنلىدى. ئۇ، سەل دىلىغول بولغان بولـ
سىمۇ، ياق دېيەلمىدى، ئۇ، ئۇنىمىغان تەقدىردىمۇ
ئۇلارنىڭ دېگىنىنى ھېساب ئىدى. چۈنكى، ئۇ، كىچىك
بولسىمۇ، بۇ ۋەزىپىنىڭ ھۆددىسىدىن تولۇق چىقاـ
لايدىغانلىقىغا تەشكىلىنىڭ ئىشەنچىسى كامىل ئىدى.
ئۇ، «قايسى ئىش بولسا مەيلى، ئىشلىسەم، ياخشى
ئىشلىسەم بولىدىغۇ، تەشكىلىنىڭ باشلىق بول دېگىنىـ
مۇ، باشقىلاردىن بەك ئىشلە دېگىنى» دېگەنلەرنى

خىيال قىلدى ۋە تېخىمۇ غەيرەتلىك، تېتىك بولدى. دېگەندەك، ئاز - تولا بۇيرۇق قىلىش، تەشكىللەش، يېتەكلەش مەجبۇرىيىتىنى ھېسابقا ئالمىغاندا، ئۇ بۇرۇنقىدەكلا ئىشلەۋەردى...

ئابدۇرېشىت قارى بۇ يەردە خېلى ئۇزاق بىر مەزگىل ئىشلەپ قالدى. سىمچىلىق كەسپىنىڭ ئەڭ نازۇك، ئەڭ مۇھىم ئۆتكەل ۋە ھالقىلىرى ئۇنىڭ قەلب ئېكرانىغا بىر - بىرلەپ ئورنىدى، شۇنىڭ بىلەن ئۇ «ئۇستامىنىڭ ئۇستىسى» غا ئايلاندى. بۇمۇ ئەجەبلىنەرلىك ئىش ئەمەس ئىدى. دېمىسىمۇ ئۇنىڭ ھەر قانداق بىر ئىشنى قىلىشقا چامى، دىتى بار بولۇپ، ئەقىل ئىشلىتىشكە ماھىر ئىدى. ئۇ، قىلىۋاتقان بۇ كەسپنى چوڭقۇر سۆيەتتى، چىن كۆڭلىدىن بېرىلىپ ئىشلەيتتى، ئۇ، ئاشۇنداق بىر خىل ئىشتىياق بىلەن بۇ كەسپكە ئىچكىلەپ قالغانىدى...

ئابدۇرېشىت قارى كېيىنچە مىخچىلىق كەسپىگە قىزىقتى. چۈنكى، بۇ سىمچىلىق كەسپىنىڭ يۇقىرى پەللىسى بولۇپ، سىمچىلىق كەسپىدە ئۆزلەشتۈرگەن بىلىمىنى تېخىمۇ نامايان قىلىشقا ئىمكانىيەت تۇغۇلاتتى. شۇڭا، ئۇ، رەھبەرلىككە ئىلتىماس سۇنۇپ، ئارزۇسىنى ئىپادىلىدى ۋە بۇ كەسىپتە ئادەتتىكى ئىشچى بولۇپ ئىشلىسىمۇ رازى بولىدىغانلىقىنى ئېيتتى، ئەمما، رەھبەرلىك قوشۇلمىغاچقا، بىر مەزگىل توختاپ تۇرۇشقا مەجبۇر بولدى. ئۇ پۇرسەت كۈتسە، چوقۇم بۇ ئارزۇسىنى ئىشقا ئاشۇرغىلى بولىدى-

غانلىقىنى بىلەتتى ، شۇنداق قىلىپ ، ئاخىرى ئۇ باشقىچە « يول » تاپتى ...
ئۇ بىر مەزگىل ھەر كۈنى كەچتە كارخانىنىڭ مىخچىلىق سېخىدا ئۆزى يالغۇز قالىدىغان ، ئىش ئورنىدىن مىدىرلىماي ئىشلەيدىغان بولۇۋالدى ، ئارقا - ئارقىدىن بىر قانچە نۆۋەت باشقىلار ئۇنى سېخ ئىچىگە سولاپ قويدى ۋە ئەتىسى ئىشىكنى ئېچىپ توختىماي ئىشلەۋاتقانلىقىنى كۆرۈشتى . بۇ ئىش تۆپىلىدىن ئايرىم ئىشچىلار غۇلغۇلا قىلىشتى :
— ئابدۇرېشىت قارىغا نېمە بولغاندۇ؟ نېمىشقا سېخقا سولىنىپ جان قىينايدىغاندۇ ؟
— ئۆيىدىن كۆڭلى سۇ ئىچمەيۋاتقاندۇ، بەلكىم.
— ياق ، ئۇنداق ئەمەس، كېيىن بىلىمىز بۇنىڭ سىرىنى ، ئابدۇرېشىت قارى بوش ئادەم ئەمەس ، قاراپ تۇرۇڭلار بىر ئىش تاپىدۇ ...
— ئاڭلىسام ، مىخ ماشىنىلىرىنى تازىلاپ قويۇۋېتىپتىمىش ، بۇ ئاكتىپلىق قىلىۋاتقانلىقى بولماي نېمە ؟
— ۋاي مەيلىغۇ ، نېمە ئىش قىلسا ، نېمە كارىڭلار ، ئۆزۈڭلارغا بايدىسى ياكى زىيىنى تەگمەيدىغان ئىشلارغا ئارىلىشىپ نېمە تاپىسىلەر ؟ ...
ئىش ئۇلارنىڭ ئويلىغىنىدەك بولۇپ چىقمىدى. ئابدۇرېشىت قارى ھاجى ئۆزى تەلەپ قىلىپ بارالمىغان مىخ ياساش ماشىنىسىنىڭ يېنىغا ئاشۇنداق بارغانىدى، ئۇ، سېختا كېچىلەپ تۈنىگەن ئاشۇ ۋاقىتلاردا مىخ ياساش ماشىنىسىدىن بىر قانچىنى چۇ-

ۋۇپ، ھەر بىر سايمىنىنى ئايرىم - ئايرىم قويۇپ، ئۇنى يەنە تاڭ ئاتقىچە بىر - بىرلەپ قۇراشتۇردى ۋە سىناق قىلىپ كۆردى، مىخ ياسىدى، ئاندىن ئۇ مىخلارنى ئۆلچەملىك پەردازلىدى. بۇ ئىشنى خېلى بىر چاغلارغىچە داۋاملاشتۇردى، ئۇنىڭ پېشانىسى-دىن ئاققان تەرلىرى ئاشۇ مىخ ياساش ماشىنىلىرى ۋە ئۇ ئىشلىگەن ھەر بىر تال مىخنىڭ جۇلاسىغا سى-ڭىپ كەتتى. ئۇ، بۇنىڭ بەدىلىگە مىخ ياساش ما-شىنىلىرىنى رېمونت قىلىشنى ئۆگىنىۋالدى ۋە مىخ ياساش تېخنىكىسىنى ئۆزلەشتۈرۈۋالدى. شۇنىڭ بى-لەن ئۇنىڭ ھۈنەر ۋە كارامىتى يەنە بىر پەللە ئۆر-لىدى، شۇ قېتىمقى تىرىشچانلىقىدىن كېيىن ئۇ ئار-قا - ئارقىدىن بىر قانچە قېتىم بۇزۇلغان مىخ يا-ساش ماشىنىلىرىنى رېمونت قىلدى، مىخ قېلىپلى-رىنى ياسىدى، بۇزۇلغان مىخلارنى ئوڭشىدى، ئۇ قىسقا ۋاقىتتىلا داڭق چىقىرىپ، كونا - يېڭى ئۇس-تىلارنى ھەيران قالدۇردى.

## قىستاڭ يول

1988 - يىلى، قەشقەر شەھەرلىك 2 - يېنىك سانائەت ئىدارىسى قارمىقىدىكى كارخانا ۋە زاۋۇت-لار ئومۇمىيۈزلۈك ھۆددىگە بېرىلىشكە باشلىدى، ئاب-دۇرېشىت قارى ھاجى ئىشلەشنى ئارزۇ قىلغان مىخ زاۋۇتىمۇ ھۆددىگە بېرىلىش ئالدىدا تۇراتتى. لې-كىن، زاۋۇتنىڭ ئىسمىغا لايىق جىسمى يوق ئىدى،

ئەسلىدە بۇ زاۋۇت 1987 - يىلى شەھەرلىك بەش خىل مېتال بۇيۇملىرى زاۋۇتىدىن ئايرىلىپ چىققان، ئۈسكۈنىلىرى كونا، ئىشلەپچىقىرىشى قالاق، مەھسۇلات سۈپىتى ناچار، تەشكىلىي ئاپپاراتى بىر قەدەر چېچىلاڭغۇ، ئىقتىسادىي ئەھۋالى تۆۋەن، بانكا قەرزى كۆپ ئورۇنلارنىڭ بىرسى ئىدى، ئاشۇ يىللاردا ئىشلەپچىقارغان بىر قىسىم مەھسۇلاتلىرى سېتىلماي، ئامبار قالدۇقى كۆپىيىپ، قانداق يول تېپىش، قانداق قىلىپ بازار دولقۇنىدا پۇت تىرەپ تۇرۇشقا ئىمكانىيەت تاپالماي گاڭگىراپ قالغانىدى. شۇڭا، زاۋۇتنى ھۆددىگە بېرىش تالاش - تارتىشىدا كۆپ غۇلغۇلا ۋە زىددىيەتمۇ پەيدا بولمىدى، زاۋۇتنىڭ ئەسلىدىكى «ئىگىلىرى» ھۆددىگە ئېلىشنى رەت قىلدى. بۇ چاغدا ئابدۇرېشىت قارى ھاجى ئوتتۇرىغا چىقتى - دە، ھۆددىگەر بولدى. ئۇنىڭ مىخچىلىق كەسپى بىلەن شۇغۇللىنىش ئارزۇسى ئىشقا ئاشتى، ئەمما، ئىشقا ئاشقان ئارزۇ بىلەن ھەممە ئىش كۆڭۈلدىكىدەك بولمايتتى، زاۋۇت ۋە ئىشچىلارنىڭ ھۆددىسىدىن ئوبدان چىقىشمۇ ئاسان ئەمەس ئىدى. پالەچ ھالغا چۈشۈپ قالغان بۇ زاۋۇتتا يېقىنقى يىللار مابەينىدە پەيدا بولغان مەسىلىلەر ۋە زىددىيەتلەر ئادەتتىن تاشقىرى كۆپ ۋە ئېغىر ئىدى.

— زاۋۇتنىڭ ھۆددىسىدىن چىقىشقا ئىشەنچىڭىز تولۇقتۇ - ھە؟ - دېيىشتى ئىدارىدىكى رەھبەرىي يولداشلار. بۇ سۆزلەرگە ھەم گۇمان، ھەم ئۈمىد ھەمراھ ئىدى. ئىدارە رەھبەرلىكىنىڭ ئىلھام-مەدەت-

لىرى ئۆز نۆۋىتىدە ئىنتايىن مۇھىم رول ئوينى-
دى ، بۇ ئۇنىڭ قەلب دۇنياسىنى تېخىمۇ قەتئىيلەش-
تۈردى، ئىرادىسىنى تېخىمۇ زور ئىشەنچكە ئىگە قىل-
دى . كەسپىي جەھەتتىكى يېتىلىش ، ئىش يۈرۈشتۈ-
رۈشتىكى پۇختا ، چاققان ، ئەستايىدىللىقى ئۇنى
ھەر قانداق تەمتىرەش ، ئەنسىرەش ۋە روھىي چې-
كىنىشتىن يىراقلاشتۇردى . ئۇ ، خۇددى ھەممە ئىش ،
ھەممە توسالغۇلاردىن خەۋەردار غالىب كىشىدەك سە-
ۋىرچان ، دادىل ھالدا ئىشقا كىرىشىپ كەتتى ...

دەرۋەقە ، ھەممە ئىش ئۇنىڭغا بەش قولدەك ئا-
يان ئىدى . ئۇ، زاۋۇتنىڭ گۈل يۈزلۈك جامالىنىمۇ ،
تىكەنلىك داۋانلىرىنىمۇ تولۇق چۈشىنەتتى ، ھەممى-
دىن مۇھىم نەرسىمۇ مانا مۇشۇ يەردە ئىدى ، بۇ تە-
رەپلەر ئۇنىڭ ئۆرلىشىدىكى شوتا ھەم ماياك ئىدى .
گەرچە زاۋۇتنىڭ گۈل يۈزلۈك جامالى ئاللىقاچان خۇ-
نۈكلىشىپ كەتكەن بولسىمۇ، بىراق، ئۇ، سەزگۈر ئەقىل
ئىگىسىگە ئەسلىسى يەنىلا كۆرۈنۈپ تۇراتتى، سىنچىلاپ
قارايدىغان بولسا، ئۇنى تىكەنلىك داۋانلار توسۇۋال-
غان ۋە «پەردىلەپ» قويغانىدى، ئابدۇرېشىت قارىھاجى
بۇ تىكەنلەرنى سۈپۈرۈپ تاشلىشى كېرەك ئىدى، مۇنە-
داقچە قىلىپ ئېيتقاندا ، بۇ ، زاۋۇتتىكى زىددىيەت،
مەسىلە ۋە توسالغۇلار پەيدا قىلغان دەرپەردە ئىدى.
بۇ ئىشلار ئۇنى قورقۇتالمايتتى ھەم ئۇنىڭغا نىسبە-
تەن قورقۇشمۇ ھاجەتسىز ئىدى . ئەمما مۇشۇ بىر
قاتار ئىشلار ئىچىدىكى ئالاھىدە بىر ئىش ، يەنى
مەبلەغ كەمچىل بولۇش بىلەن مەبلەغ ئايلىنىشنىڭ

ئاستا بولۇشى ئىدى، بۇ ئىش ئۇنىڭ كۆڭلىنى غەشلىككە تولدۇرۇپ، ئازراق مەيۈسلەندۈردى. ئۇ قىيىن ۋەزىيەتتىنى ئوڭشاش ئۈچۈن بۇنى ئۆزگەرتىشى، تېزدىن ئۆزگەرتىشى كېرەك ئىدى. بولمىسا زاۋۇتتىكى ئىشچىلار تېزدىن كېتەتتى. چۈنكى تۈزۈكرەك ئىش ھەققىگە ئىگە بولالمىغان ئىشچى-خىزمەتچىلەر ئۆز ھالىدىن مەيۈسلىنىپ، روھى چۈشۈپ بىپەرۋالىقنىڭ ئىسكەنجىسىگە بوغۇلۇپ قالغانىدى. روھىي ئامىل، ئەلۋەتتە، سەل قاراشقا بولمايدىغان ئامىل. ئۇ، ئىنسانغا نىسبەتەن ياخشىلىق قىلىش ياكى يامانلىق قىلىش جەھەتتە بولسۇن، ئالدىنقى شەرت ھېسابلىنىدۇ. روھتىكى زەررىچە كۈچ ھەركەتتىكى ھەممە مەغلۇبىيەت ۋە توسالغۇنى گۇمران قىلماي قالمايدۇ. ئابدۇرېشىت قارى ھاجى بۇ مۇھىم نۇقتىنى چوڭقۇر چۈشىنەتتى، شۇنداقلا مۇھىتتىكى سەۋەبكارلىقنى ھېسابقا ئالمىغانىدىمۇ، روھىيەتتىكى غالىبىيەت ۋە روھىي ئامىل تۈپەيلىدىن پەيدا بولىدىغان ھەركەتتىكى مۆجىزىلەرگە چوقۇناتتى. شۇڭا، ئۇ، زاۋۇتتىكى ئىشچىلارغا مەمۇرىي جەھەتتىن باشقۇرۇش، تىزگىنلەش ۋە ماددىي رىغبەتلەندۈرۈش ئېلىپ بېرىشتىن باشقا، روھىي — مەنىۋى جەھەتتىن قوزغۇتۇش، تولۇقلاش، يېتەكلەش ئېلىپ بارمىسا بولمايدۇ، دەپ قارايتتى ھەمدە بۇنىڭ تەييارلىقىنىمۇ قىلىپ قويغانىدى. ئۇ، ئالدى بىلەن ئۇلارغا زاۋۇتنىڭ ئەينى چاغدىكى تارىخىنى ئەسلەتتى، ئەينى يىللاردا قول سانائەت كارخانىلىرىدىكى ئىشچى-خىز-

مەتچىلەر ئۆزلىرىنىڭ ئىككى قولىغا تايىنىپ، ئۆزلىرىدە بار دەسمىيىنى پاي قىلىپ سېلىپ ئىگىلىك تىكلەپ، ئاجايىپ مول نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈرگەنىدى، ئۇ ئاشۇ يىللاردىكى ياخشى ئەنئەنە ۋە نەمۇنىلەرنى ئۇلارنىڭ كۆز ئالدىدىن بىر - بىرلەپ ئۆتكۈزدى، ئەينى يىللاردىكى پىداكار كىشىلەرگە يۇقىرى باھا بەردى ۋە ئۇلارغا بولغان چوڭقۇر سۆيۈنۈشىنى نامايان قىلدى.

ئۇ، شۇ يوسۇندا بارا - بارا ئىشچىلارنىڭ قەلبىگە سىڭىپ كىردى، ئىشچىلاردا ئۆزىگە نىسبەتەن ئىشەنچ تۇيغۇسى پەيدا قىلدى ۋە ئىشلىسە نەپكە ئىگە بولۇش ئىشەنچىسىنى تۇرغۇزدى. بۇ ئۇلارنىڭ روھىي دۇنياسىدىكى ئۆزگىرىش ئىدى. ئۇنى يەنە مەلۇم مەۋقە، نىشان، چەكلىمە دائىرىسىدە يىغىنچاقلاشقا، «ياشارتىش» قا، ۋايىغا يەتكۈزۈشكە توغرا كېلەتتى، بۇنىڭ ئۈچۈن ئۇ، بىخەتەر ئىشلەپچىقىرىشنى كاپالەتكە ئىگە قىلىش تۈزۈمى، ئىش ھەققى تەقسىمات تۈزۈمى، ئىش ئورنى مەسئۇلىيەت تۈزۈمى، ئىشچىلارنى ئىش ئورنىدا تەربىيىلەش تۈزۈمى، پاراۋانلىق تۈزۈمى، ئەمگەك ئىنتىزامى تۈزۈمى، ماشىنا - ئۈسكۈنىلەرنى بىخەتەر ئىشلىتىش، ئاسراش، رېمونت قىلىش تۈزۈمى قاتارلىق قائىدە - تۈزۈملەرنى بېكىتىپ تۈزدى ۋە مۇكەممەللەشتۈردى. بۇ تولىمۇ مۇشاق، قول تۇتىدىغان ئىش ئىدى. نىمىلا بولسۇن بۇ قائىدە - تۈزۈملەرنىڭ ئىچىدە ھەم ئىشچىلارنى ئىلھاملاندۇرىدىغان ۋە ئۇلارنى تېگىشلىك تەمىنات-

لاردىن بەھرىمەن قىلغىلى بولىدىغان، ھەم ئۇلارنى
ئىش ئۈنۈمىنى، كىرىمىنى ئاشۇرۇشقا يېتەكلەيدى-
غان مەزمۇنلار بار ئىدى. بۇنىڭ توغرا ئىجرا قىلى-
نىشى ئابدۇرېشىت قارى ھاجىغا ۋە ئەمەلىي ئەھۋال-
غا باغلىق ئىدى. ئەلۋەتتە، ئۇ بۇنىڭ مەنىۋى ئا-
ساسىنى تىكلەپ بولغانىدى. ئەمما ئۇنىڭ ماددىي
ئاساسى يېتەرلىك كاپالەتكە ئىگە ئەمەس ئىدى.
كارخانىنىڭ ھەر قانداق ئىشىنىڭ ئەتىجىلىك بو-
لۇشى ئوبيېكتىپ ۋە سۇبيېكتىپ تىرىشچانلىققا باغلىق
بولۇپلا قالماستىن، تېخىمۇ مۇھىمى، مەبلىغىنىڭ
كۆپ، ئىشلەپچىقىرىشىنىڭ ئۈنۈملۈك، مەھسۇلات سۈ-
پىتىنىڭ ئەلا بولۇشى بىلەن زىچ مۇناسى-
ۋەتلىك ئىدى. بۇلارنىڭ ئالدىنقى شەرتى
مەبلەغ بولۇپ، بايىقى قائىدە - تۈزۈملەرمۇ
مەبلەغنىڭ ئەمەلىيلىشىشى بىلەن ئۆز كۈچىنى كۆر-
سىتەلەيتتى. چۈنكى قائىدە-تۈزۈم مەبلەغ ئارقىلىق
ئۈنۈمنى ياراتسا، ئۈنۈم قائىدە - تۈزۈمنى ھەقىقىي
تۈردە رېئاللىققا ئايلاندۇرالايتتى. قائىدە - تۈزۈم-
نى تۈزۈش ئاددىي بىر ئىش، ئەمما ئۇنى ھەقىقىي
يوسۇندا ئىشقا ئاشۇرۇش ئاسان ئەمەس ئىدى. شۇ
تاپتا زاۋۇتنىڭ بانكا ئورۇنلىرىدىن 260 مىڭ يۈەن
قەرزى بار ئىدى، ئامباردا نەچچە توننا مەھسۇلات بېسى-
لىپ قېلىپ، «يېتىمسىراپ» قېلىۋاتاتتى. بۇ نەرسىلەر-
نىڭ قىممىتى تۆۋەنلەپ، بانكىنىڭ ئۆسۈمى كۆپىيىپ،
«كۆتۈرەلمەسلىك ساڭگىلىتىۋال» دېگەندەك، قەرز ئۈس-
تىگە قەرز يۈكلىنىپ تۇرۇۋاتاتتى. بۇ ئىشتا ئۇنىڭ

بېشىنىڭ ئىچىمۇ، تېشىمۇ قاتتى، ئۇ ئويلاندى، مە-
نىلىك، ھەتتا مەنىسىز، ئەمما رېئاللىققا ئايلانسا ئەھ-
مىيەتلىك بولىدىغان خىياللارنى قىلدى، ئۇ، نېمىلەر-
نى خىيال قىلمىسۇن، نېمىلەر ئۈستىدە ئويلانمىسۇن، يەنىلا
قىلمىسا، يول تاپمىسا، ئىشلىمىسە بولمايتتى. ئۇ
بۇنى چۈشىنەتتى، مەبلەغ بولمىغان ئەھۋالدا يول تې-
پىش، چىقىش يولى تېپىشمۇ ئاسانغا توختىمايتتى.
ئۇ، ئازغىنا پۇل تاپسا، بۇ پۇلغا خام ماتېرىيال سې-
تىۋېلىپ، يېڭى مەھسۇلات ئىشلەپچىقىرىپ، بىر ئاز
مېدىرلىۋالالايتتى، ئەمما ھازىر ئازمۇ يوق، كۆپمۇ
يوق ئىدى. بانكا قەرز پۇلنى قايتۇرۇشنى ھەدەپ سۈي-
لەۋاتاتتى، ئىشچىلارمۇ ئىش ھەققىگە تەلمۈرۈپ تۇ-
راتتى. ئابدۇرېشىت قارى ھاجى مۇشۇنداق قاتمۇقات
ئېغىر ئەھۋالدا قالغانىدى. شۇ كۈنلەرنىڭ بىرىدە
بىر دوستى:

— ×× ئورۇندا 50 توننا مىخ ئىشلەيدىغان
يىم يېسىلىپ قاپتۇ، شۇنى سۆزلىشىپ باققان بولسى-
لا، بېرىپ قالسا ئەجەب ئەمەس، — دېدى.

بۇ گەپ ئۇنىڭ كۆڭلىگە ياغدەك ياقتى - دە،
ھېلىقى ئورۇنغا بېرىپ سۆزلەشتى. لېكىن ئۇلارمۇ پۇل-
غا ئېھتىياجلىق ئىدى. ماتېرىيال بېسىلىپ قالغانـ-
دىن كۆرە، مەھسۇلاتقا ئايلىنىپ سېتىلغىنى ياخشى،
ئابدۇرېشىت قارى ھاجى بۇ ئىشقا ئاز - تولا پەم ئىش-
لەتمىسە بولمايدىغانلىقىنى ھېس قىلدى ۋە دەرھال
ئۈچ كۈنلۈك مۆھلەت بىلەن بىر پارچە قەرز ھۆججى-
تى تەييارلاپ ئېلىپ بېرىپ، 50 توننا مىخ ياسايـ

دىغان سىمىنى ئۆز زاۋۇتىغا يۆتكىدى. بۇ غايەت ياخشى پۇرسەت ئىدى، ئۇ، قايتىدىن جانلاندى، كۆزلىرىگە خۇشاللىق نۇرلىرى، چىرايىغا قىزىللىق يۈگۈردى، ئارقىدىن ئۇ، ئىشلەپچىقىرىشنى تېزدىنلا جانلاندۇرۇۋەتتى.

بۇنىڭ بىلەن ئىش تاك ئاتمايتتى، شۇڭا، ئۇ يەنە مەبلەغ توپلىشى ۋە ئىشلەپچىقىرىشنى يۈرۈشلەشتۈرۈشى كېرەك ئىدى. ئۇ، بۇ جەھەتتە شۇ كونا پولىسى، ئەنئەنىۋى ئۇسۇلنى قوللىنىش لازىملىقىنى تونۇپ يەتتى - دە، ئۇنى ھازىرقى ئەمەلىي ئەھۋالغا تەدبىقلاپ، ئىشچى - خىزمەتچىلەرنى پۇل، مال، كۈچ چىقىرىشقا سەپەرۋەر قىلدى، تىرىشچان، ئاق كۆڭۈل ئىشچىلار بەس - بەستە ئۇنىڭغا ماسلاشتى ۋە ئازغىنە كۈندە ئۇنىڭ قولىغا 50 مىڭ يۈەن پۇلنى تۇتقۇزدى. ئۇ قول ئاستىدىكىلەردىن سۆيۈنۈپ، ھاياجانلاندى ۋە كۈچلۈك غايىۋى ئۈمىد، ئىشەنچكە تولدى. بۇنىڭ بىلەن ئۇ، ئۇدۇل ئۈرۈمچىگە يول ئالدى، ئۈرۈمچىدە ئۆز زاۋۇتىغا كېرەكلىك ماتېرىياللارنى سېتىۋېلىش، يۆتكەش، ئىشلەپچىقارغان مەھسۇلاتلىرىنى سېتىش بىلەن شۇغۇللاندى. ئۇ، شۇ بىر يىل ئىچىدە ئۆز ئۆيىدە كۆپ بولغاندا 60 كۈن ئەتراپىدا تۇردى، قالغان ۋاقىتلاردا سىرتلاردا يۈرۈپ، زاۋۇت ئۈچۈن بارلىقىنى سەرپ قىلدى. ئاپتونوم رايونىمىزدا ئۇنىڭ ئىزلىرى چۈشمىگەن، قان - تەرى تاممىغان يەر قالمىدى. مۇشۇ جەرياندا ئۇ نەچچە قېتىم ئاچ - زېرىن، نەچچە قېتىم پىيادە قالدى؛ قانچە قېتىم كىشىلەرنىڭ ئىشىكى ئالدىدا بىچارىلەرچە تەلمۈرۈشكە مەجبۇر بولدى؛

قانچە قېتىم جاندىن ئۆتۈپ كېتىدىغان دوق - دەشنامىلارغا ئۇچرىدى... ئۇنىڭ ئاشۇ چاغدىكى ھاياتلىق ئىزلىرىدا ئۆچمەس بولۇپ قالغان ئىشلار، ۋەقەلەر ھەقىقەتەن ئاز ئەمەس ئىدى. ئۇنىڭ ھازىرقىدەك ئېسىدە تۇرغان بىر ئىش بار: ئۇ بىر قېتىم مۇناسىۋەتلىك ئورۇن ۋە تارماقلارنىڭ تونۇشتۇرۇشى بىلەن ئۈرۈمچىدىكى بىر ئورگانغا مىخ ئىشلەيدىغان سىم سېتىۋالغىلى باردى. ئۆز زاۋۇتىنىڭ ئەھۋالىغا قارىغاندا، بۇ ئورگاننىڭ مىخ سىمى سېتىش باھاسى ھەقىقەتەن يۇقىرى ئىدى. ئەمما مىخ سىمى قىس، ئېھتىياج كۆپ ئىدى. ئۇ ئۆزى ئېلىپ بارغان تەستىق خېتىنى ئامبارچىغا كۆرسەتتى. ئامبارچى:

— ھازىر يوق، كېيىن كېلىڭ، مەن ھەل قىلىپ بېرەي، - دېدى. بۇ گەرچە ئۇ، كۈتكەن گەپ بولمىسىمۇ، لېكىن، خۇش بولدى - دە، ئامبارچىغا:

— بۇرادەر، بىزنىڭ ئەھۋالىمىز ئېغىر، مۇشۇ سىمنىڭ بىر قىسمىنى ھازىرلا بېرىشكە ئىمكانىيەت يارىتىپ بېرىڭ، بولمىسا زاۋۇتىمىز ۋەيران بولىدۇ، مەن قاتتىق ئۇۋالغا قالىمەن، قىيىن ئەھۋالدىن قۇتۇلۇشىمىز ئۈچۈن ئىمكانىيەت يارىتىپ بېرىڭ! - دەپ يالۋۇردى. ياخشى سۆزنىڭ تەسىرىدە ئامبارچى سەل يۇمشاپ قالدى. ئابدۇرېشىت قارى ھاجى ئۇنىڭغا قايتا - قايتا چۈشەندۈردى.

بىر كۈنى كەچتە ئابدۇرېشىت قارى ھاجى ھېلىقى ئامبارچىنىڭ ئۆيىگە ئىزدەپ باردى، ئۇنىڭ ئۆيى ئىش ئورنىدىن بىر نەچچە كىلومېتىر يىراقلىقتا

ئىدى. ئابدۇرېشىت قارى ھاجى يولنىڭ بىر قىسمى-
نى ئاپتوبۇس بىلەن، بىر قىسمىنى پىيادە بېسىپ،
مىڭبىر جاپادا ئۇنىڭ ئۆيىنى تېپىپ باردى، ئامبار-
چى ئابدۇرېشىت قارى ھاجىنى قوبۇل قىلماي قوپال
پوزىتسىيە قوللىنىپ، ئىشىك ئالدىدىنلا ھەيدىۋەت-
مەكچى بولدى. ئابدۇرېشىت قارى ھاجىنىڭ كۆزلى-
رىگە ئىختىيارسىز ھالدا ئاچچىق ياش كەلدى:

— مەن بىر بىچارە ئادەممەن، — دېدى ئۇ ئۆزىنى
تۇختىتالماي، — نېمە دېسىڭىز مەيلى، بىزنىڭ
ئەھۋالىمىزنى چۈشىنىڭ، بىز نامرات، بىچارە بول-
غاچقا، سىزگە ئاتاپ بىرەر كىلوگىرام ئالما چاغلىق
بىر نەرسە ئېلىپ كېلەلمىدىم. مېنى كەچۈرۈڭ، بۇنداق
دېمەم، باشقىچە ئويلىنىپ قالماڭ، مەنمۇ سىزگە ئىس-
پەتەن باشقىچە ئويدا ئەمەس، پەقەت دەردىمىزگە
يەتسىكەن، كۆڭلىمىزنى چۈشەنسىكەن دەيمەن...

ئامبارچى قاتتىق ھاياجانغا چۆمدى ۋە 40 تونىنا
مىخ سىمىنى ئەڭ تۆۋەن باھادا سېتىپ بېرىشكە
قوشۇلدى.

ئۇزاققا قالماي بۇ گەپ رېئاللىققا ئايلاندى،
ئابدۇرېشىت قارى ھاجى پۇل تۆلەپ تالوننى قولغا
ئالغاندا «ئۇھ» دېدى. دەل شۇ چاغدا بىر قانچە ئادەم
ئۇنى ئورىۋالدى: ئۇلار ئۇ، مىڭبىر جاپادا ھەل قىلغان
مىخ سىمىغا خېرىدار بولۇپ كەلگەنلەر ئىدى. ئۇلار
20 مىڭ يۈەن، ھەتتا 40 مىڭ يۈەن پايدا بەرمەكچى
بولدى. لېكىن، ئابدۇرېشىت قارى ھاجى ھەممىنى
رەت قىلدى. ئۇ، ئۆز ۋەدىسىنى، مەجبۇرىيىتىنى ئاق-

لىشى، ئىنسان پەزىلىتىگە يات بولغان ئىشلارنى قىلماسلىقى كېرەك ئىدى. ئۇ، ئايرىم ناكەسلەرگە ئوخشاش ئازغىنە مەنپەئەتنى ۋە كۆز ئالدىدىكى نەپنى كۆرۈپ، قىزىل كۆزلۈك قىلىشنى ئۆلگۈدەك يامان كۆرەتتى ۋە ئۆز چۆنتەكىنى تولدۇرۇپ قېچىپ كېتىشنى ئىنتايىن نومۇسلۇق ئىش دەپ قارايتتى، ئۇ قېچىپ كېتىدىغان كىشىلەردىن ئەمەس ئىدى. ئۇ، نەگە قاچىدۇ؟ ئۇنىڭ قاچىدىغان يېرىمۇ، بولاپ - تالاپ يەيدىغان يېرىمۇ مانا مۇشۇ قەدىمكى شەھەر، مۇشۇ ئانا تۇپراق ئىدى! شۇڭا، ئۇ، مانا مۇشۇ يەر ئۈچۈن جان كۆيدۈردى، مانا مۇشۇ مۇقەددەس ئۇقۇم ئۈچۈن ياشاشنىڭ مەڭگۈلۈك ئابىدە بولۇپ قالىدىغانلىقىغا كۈچلۈك بىر خىل تۇيغۇ بىلەن ئىنتىلدى.

شۇ يىلىنىڭ ئاخىرىغا بارغاندا، زاۋۇتنىڭ ھاياتى كۈچى ئاشتى، ئومۇمى مەھسۇلات قىممىتى 157% ئورۇندالدى، ۋەزىپە 57% ئاشتى، پايدا 200 پىرسەنتكە يېتىپ، بانكا قەرزىدىن 70 مىڭ يۈەن قايتۇرۇلدى. شۇنداق قىلىپ، مىخ زاۋۇتىنىڭ تۆرلۈك كۆرسەتكۈچلىرى يىلمۇ يىل ئېشىپ باردى. ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ ئىش ھەققى، تۇرمۇش پاراۋانلىق تەمىناتى ئۆستى، تۆرلۈك خىزمەت، ئىشلەپچىقىرىش تەرتىپلىك يۈرۈشۈپ كەتتى. ئابدۇرېشىت قارى ھاجى ئىلگىرىكى جىددىيچىلىك ۋە روھىي ئېغىرچىلىقلاردىن قۇتۇلۇپ، جەمئىيەتكە قايتىدىن تونۇلدى.

ئاربىدىن ئۈچ يىلدىن كۆپرەك ۋاقىت ئۆتۈپ كەت-

تى. 1990 - يىلىنىڭ مەلۇم بىر كۈنى ئىدارە رەھبەر-لىكى ئابدۇرېشىت قارى ھاجىنى چاقىردى ۋە ۋەيران بولۇش گىردابىغا بېرىپ قالغان قەشقەر شەھەرلىك قۇيمىچىلىق زاۋۇتىنى ھۆددىگە ئېلىشىنى ئوتتۇرىغا قويدى. ئابدۇرېشىت قارى ھاجى يەنە نېمە دېيەلىسۇن؟ شۇنىڭ بىلەن ئۇ بۇ زاۋۇتنىمۇ ھۆددىگە ئالدى ۋە چىقىش يولى ئىزدىدى. ئۇ، تونۇشلىرى ئارقىلىق، يېڭىشەھەر ناھىيىسىدە تۇرۇشلۇق ھەربىي قىسىملار-نىڭ يېقىلغۇ تېجەيدىغان يېڭىچە بىر خىل مەش يا-ساتماقچى بولغانلىقىنى ئۇقتى - دە، ئۇ يەرگە بې-رىپ، قىسىم رەھبەرلىرى بىلەن 60 تونىنا چۆيۈنىدە شۇ خىل مەشنى ياساپ بېرىش توختىمى تۈزدى. ئۇ زاۋۇتىكى ئىشچىلارنى جىددىي ھەرىكەتكە كەلتۈرۈپ، كېچە - كۈندۈز ئىشلەپ، مەشنى ۋاقتىدا، ئۆلچەملىك ھەم سۈپەتلىك پۈتتۈرۈپ ئۆتكۈزۈپ بەردى، بۇ ئىش-تىن ئۇ خېلى كۆپ پايدا يارىتىپ، زاۋۇتنىڭ ئىقتى-سادىي ئاساسىنى دەسلەپكى قەدەمدە تۇرغۇزدى. ئاب-دۇرېشىت قارى ھاجى زاۋۇت باشقۇرۇشتىكى ئاز - تو-لا تەجرىبىسىنى بۇ زاۋۇت ئۈچۈنمۇ خىزمەت قىلدۇ-رۇپ، ئىككى يىلغا يەتمىگەن ۋاقىت ئىچىدە زاۋۇتنى زىيان تارتىشتىن پايدا ئېلىشقا قاراپ تەرەققىي قىل-دۇرۇپ، ئارقا - ئارقىدىن ئۇتۇق قازاندى.

## «خېرىدارنىڭ كۆزى ئۆتكۈر»

ھەر قانداق ئىشنىڭ نەتىجىسى قەيسەر روھقا، ھەر تەرەپلىمە تىرىشچانلىققا باغلىق بولىدۇ، ئابدۇرې-شىت قارى ھاجى ئىككى زاۋۇت ئۈچۈن ئاز بولمىغان

تىرىشچانلىق ۋە ئىجادچانلىق روھىنى بېغىشلىدى. ھەمـ
دە بۇنى رېئاللىق بىلەن بىرلىكتۈردى. مۇنداقچە قىلـ
غاندا، رېئاللىقنى ئەمەلىي ئەھۋالغا، ئەمەلىي ئەھـ
ۋالنى بولسا، رېئاللىققا ماھىرلىق بىلەن باغلىدى.
بۇنىڭ ئىلمىي ئاساسى بار ئىدى. قايسى جەھەتتىن
قارىمايلى، ئۆتكەن زاماندىكى ئادەملەر ھازىرقى ئاـ
دەملەرگە ئوخشىمايدۇ، ئۆتكەن زاماندىكى بازار ھاـ
زىرقى زاماندىكى بازارغا ئوخشىمايدۇ. ئۆتكەن زاـ
ماندىكى مەھسۇلات ھازىرقى زاماندىكى مەھسۇلاتلارـ
نىڭ سۈپىتى، تۈرىگە ئوخشىمايدۇ. كىشىلەرنىڭ تالـ
لىشى ۋە قوبۇل قىلىشىمۇ ئوخشىمايدۇ. بۇ بىر رېـ
ئاللىق. شۇنداقلا، مەڭگۈلۈك ھەقىقەت، بەلكى يەڭگىـ
لى بولمايدىغان ھەقىقەت ئىدى؛ ئەلۋەتتە، خىيالىي
رېئاللىق ئىسپىي بولىدۇ، ئۇ بىر پۈتۈن ھەقىقەت ئەـ
مەس، مانا بۇ نۇقتا ئابدۇرېشىت قارى ھاجىنىڭ
نەزەرىدە كۈچلۈك ئويغىتىش، ئىنتىلىش ۋە يېڭىلاش
ئىستىكىنى قوزغىدى. ئۇ، بۇنداق رېئاللىققا بويسۇنـ
مىسا ۋە ماسلىشىپ ئىش قىلمىسا بولمايتتى،
ھەر ئىككى زاۋۇت ئۇنىڭ كۆزىدىكى ئەينەككە ئوخـ
شاش كۆز نۇرىدا ئەكس ئېتىپ تۇراتتى. شۇڭا، ئۇـ
نىڭ قەلبىدە ھەر ۋاقىت خىيالىي تەسەۋۋۇر، رېئالـ
لىق ئاساسىدا پەيدا بولغان خىيالىي رېئاللىق مەۋج
ئۇرۇپ تۇراتتى. ئابدۇرېشىت قارى ھاجى بۇ زاۋۇتـ
لارنى تەرەققىي قىلدۇرۇش، بازارلىق مەھسۇلاتلارنى
ئىشلەپچىقىرىپ سېتىپ، ئۇلارنى غەپلەتتىن، مەھـ
كۇملۇقتىن قۇتۇلدۇرۇشى كېرەك ئىدى. ئۇ، «سۈپەتنى

ياخشىلاش كېرەك، چۈنكى، ئۇستامنىڭ ئەقلىدىمۇ
خېرىدارنىڭ كۆزى ئۆتكۈر بولىدۇ» دەيتتى. بۇ ئۇنىڭ
ئەينى يىللاردىن بۇيانقى ئىزچىل كۆز قارىشى ئى-
دى. بۇنىڭ ئۈچۈن زاۋۇتىنىڭ كونا دەسمايىسى كار-
غا يارىمايتتى. شۇڭا، تېخنىكا جەھەتتىن يېڭىلىق يا-
رىتىشى، سۈپەت جەھەتتىن ياخشى ئۆزگىرىش ياسى-
شى كېرەك ئىدى. ئۇ ئەينى چاغدا، ئۆز تەجرىبىلى-
رىنى خىيالىي تۈيغۇلار ئىچىدە بىر - بىرلەپ يەكۈن-
لەپ چىقتى ۋە قولىغا قەلەم ئېلىپ ئۇنى «دەرسلىك»
قىلىپ تۈزدى. شۇنىڭ بىلەن ئىشچىلارنى ھەر ھەپتىدە بې-
رىم كۈن كەسپىي ئۆگىنىشكە تەشكىللىدى. ئۇ، بۇ
كەسپنى ھەم سۆزلەپ، ھەم ئەمەلىي مەشغۇلات بى-
لەن بىرىكتۈرۈپ ئۆگەتتى، سىناق قىلىش، ئەمەلى-
يەتتىن ئۆتكۈزۈش، ئىمتىھان ئېلىش يولى بىلەن
ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ ئۆگىنىش، ئۆزلەشتۈرۈش
قىزغىنلىقىنى قوزغىدى؛ باشقا جايلارغا ئۆگىنىشكە
ئادەم ئەۋەتىپ، ئىلغار تەجرىبىلەرنى قوبۇل قىلدى.
ئۇ، ئىشلەپچىقارغان مەھسۇلاتلارغا قارىتا سۈپەت نا-
زارەتچىلىكىنى يولغا قويدى ۋە مەھسۇلاتلارنى پەر-
دازلاش، قاچىلاش، يۆتكەش، سېتىش ھالقىلىرىدا سۈ-
پەتنى ئالدىنقى قاتارغا قويدى.

ئابدۇرېشىت قارى ھاجى بىكار بولسىلا بازار-
لارنى ئارىلاپ، خېرىدار ۋە مال ساتقۇچىلار بىلەن
مۇڭدىشىپ، پىكىر ئېلىشىپ، ئۇلارنىڭ قاراشلىرىنى ئۆز-
لەشتۈرەتتى. ئۇلار قايسى خىل مەھسۇلاتقا ئېھتىياج-
لىق بولسا، دەرھال شۇ تەلەپ، شۇ ئېھتىياجنى قان-

دۇرۇشنىڭ پۇرسىتىنى قولدىن بېرىپ قويمايتتى. ئەل-ۋەتتە، بۇ رىقابەتتىكى ئاددىي بىر تەرەپ ئىدى. ۋە-ھالەنكى، رىقابەتنىڭ چېكى بولمايدۇ، ئەمما چېگرى-سى، ۋەھىمىسى، خۇشاللىقى بولىدۇ. شۇڭا، ئابدۇرې-شىت قارى ھاجى يەنە نۇرغۇن رىقابەتكە قارشى تۇر-مىسا بولمايتتى، بۇ خىل ئېھتىياج بىلەن ئۇ ئىلگى-رى 4 ئاخىر بولۇپ 200 مىڭ يۈەنگە يېقىن مەبلەغ توپلاپ، يېڭىدىن سەككىز دانە مىخ ئىشلەش ماشىنى-سى ۋە بىر قىسىم يېڭى ئۈسكۈنىلەرنى سېتىۋالدى. مىخ زاۋۇتىدا بولسۇن ياكى قۇيمىچىلىق زاۋۇتىدا بولسۇن، تېخنىكا يېڭىلاش، ئۆزگەرتىشنى ئىزچىل دا-ۋاملاشتۇردى، 100 نەچچە خىل يېڭى مەھسۇلات ئىش-لەپچىقاردى، ئون نەچچە تۈردە تېخنىكا يېڭىلاش، ئۆز-گەرتىش ئېلىپ باردى، مىخ قېلىپىدىن 30 نەچچە خىلنى يېڭىدىن لايىھىلەپ ياسىدى ۋە ئومۇملاشتۇر-دى. بۇ ئىشلار ئاددىي، ئاسان ئىش ئەمەس ئىدى، ئابدۇرېشىت قارى ھاجى بۇ ئىشلارنى قىلىمەن دەپ، نۇرغۇن خۇسۇسىي مەنپەئەتىدىن ۋاز كەچتى، ئالتۇن-دەك ياشلىق باھارى بىلەن قىممەتلىك ئۆمرىنى سەرپ قىلدى، يامغۇر يېغىپ، ئائىلىسى سۇ ئاستىدا قال-غان چاغدىمۇ، بالا - چاقىلىرى ئاغرىپ دوختۇرخانىدا يېتىپ قالغاندىمۇ، ئائىلىسىنىڭ جانىجان مەنپەئە-تىگە تاقىلىدىغان ئىشلارنى بېجىرىدىغان چاغلاردىمۇ بۇ ئىشلارغا كىچىككىنە بولسىمۇ ۋاقىت ئاجرىتالمى-دى، يار - يۆلەك بولالمىدى، شۇ ئىشلار تۈپەيلىدىن

ئېغىر ئازابقا قالغانلىقىمۇ ئۆزىنى يوقاتماي، زاۋۇت ئىشچىلار ئۈچۈن دەريا بولۇپ ئېقىش، يالقۇن بولۇپ كۆيۈشتىن ئايانمىدى.

## مىخ روھىدا مىڭ ئۇتۇق

بىر دەملىك قىزغىنلىق، ھېسسىيات، ئەسەبىيلىك ۋە زورۇقۇش بىلەن سودا كەسپىدە ئۇتۇق قازىنىش قىيىن، ئۇتۇق قازانغان تەقدىردىمۇ چوڭ ۋە ئەھمىيەتلىك ئىشلارنى ۋۇجۇتقا چىقارغىلى بولمايدۇ. قىزغىنلىققا تىرىشچانلىق، ھېسسىياتقا ئەمەلىيەت، ئەسەبىيلىككە قەتئىيلىك، زورۇقۇشقا مۇھەببەت ھەم قەتئىي بوشاشمايدىغان روھ قوشۇلغاندىلا ئۇتۇق ۋە نەتىجە مۇۋەپپەقىيەتلىك بولىدۇ. ئابدۇرېشىت قارى ھاجىنىڭ ئەينى يىللاردا ئىگىلىك باشقۇرۇش تەجرىبىسى كەمچىل، كەسپىي ئالاقە نۇقتىلىرى يوق دېيەرلىك ئىدى. ئۇ بۇنى «مېنىڭ كەسپىي يېتەرسىزلىكىم» دەپ قارايتتى، ئەمما ئۇنىڭ قىزغىنلىق بىلەن يۇغۇرۇلغان ئىلھامى مەۋج ئۇرۇپ تۇراتتى، شۇڭا، ئۇ، بۇنى ئىشلەش جەريانىدا رېئاللىققا ئايلاندۇرۇشقا تىرىشتى، ھەر بىر ئىشتا قىزغىنلىق بىلەن تىرىشچانلىقنى بىر-بىرىگە باغلىدى، شۇنداقلا، ھەرقانداق ئىشقا ماس كېلىدىغان ئۇسۇل - چارىلارنى تېپىشقا تىرىشتى ۋە پېشقەدەم كەسىپ ئەھلىلىرىدىن مەسلىھەت ئالدى، ئۆگەندى، تەجرىبە - ساۋاقلارنى يەكۈنلىدى، رەھ-

بەرلىككە يېقىندىن ماسلىشىپ يولىيورۇق سورىدى، يېز-
قىرى دەرىجىلىك كەسپىي تارماقلار بىلەن قويۇق ئا-
لاقە ئورناتتى، بۇنىڭ كۆپ تەرەپلىمە ئۈنۈمى بول-
دى. شۇنداق قىلىپ ئۇ، 1988 - يىلدىن 1990 - يىل-
غىچە 830 توننا خام ماتېرىيالنى تۆۋەن باھادا كەل-
تۈرۈپ، زاۋۇتقا 250 مىڭ يۈەن تېجەپ بەردى؛ مال
كەلتۈرۈش ۋە سېتىپ چىقىرىشتىمۇ بازارلىق ئىمكانى-
يەت بىلەن سەرپىياتنى تۆۋەنلەتتى، ئۈنۈمنى ئۆس-
تۈردى، زاۋۇتقا زىيان يەتمىسىلا پايدا ئالمىسىمۇ،
خېرىدارلار قانداق ئىشنى قىلىپ بەر دېسە، ئۇلارنىڭ
دېگىنى بويىچە ئىشلەپ بەردى، خام ماتېرىيال كۆتۈ-
رۈپ كېلىپ ئىش بۇيرۇتسىمۇ ياق دېمىدى، بۇنىڭدىن
زاۋۇتمۇ، خېرىدارلارمۇ نەپ ئالدى، ئوبوروت تېزلەشتى،
زاۋۇتنىڭ خېرىدارى كۆپەيدى، بانكا قەرزى ۋە ئامبار
قالدۇقى تۈگىدى. ئابدۇرېشىت قارى ھاجى ئوراش، قا-
چىلاش ھۈنەر - سەنئىتىنى يېڭىلاپ، چىدامچانلىقى
يۇقىرى، تەننەرخى ئەرزان بولغان بىر خىل قەغەز
يەشىك لايىھىلەپ ئىشلەتتى؛ كەلتۈرۈلگەن خام ماتې-
رىياللارنى چۈشۈرۈش، يۈك قاچىلاش ئىشلىرىنى ئۆز-
لىرى ئىشلەش ئارقىلىق، تەننەرخىنى تۆۋەنلىتىپ،
زاۋۇتقا ھەر يىلى 2500 يۈەن تېجەپ بەردى؛ چېچىل-
غان، بۇزۇلغان سىم، پولات مىخ، چۆيۈن قاتارلىقلار-
نى يىغىپ قايتا ئىشلەپ 6000 يۈەن ئىقتىساد قىلدى؛
تاشلىنىپ قالغان ئۈچ دانە مىخ ياساش ماشىنىسى-
نى ئۆزى قول تىقىپ رېمونت قىلىپ، زاۋۇتقا 52 مىڭ
يۈەن پايدا يەتكۈزدى.

ئابدۇرېشىت قارى ھاجى مىخ زاۋۇتى بىلەن
قويمىچىلىق زاۋۇتىنى بىر قانچە يىل ئىچىدىلا ئىق-
تىسادىي جەھەتتىن جانلاندۇرۇپ، كىشىلەر ئارىسى-
دىكى ئوبرازىنى قايتىدىن تىكلىدى. ئۇ، بۇ جەرياندا
ئوقۇل ھالدىكى ئىشلەپچىقىرىش بىلەن شۇغۇللانغان-
غاندا، بەزى چەكلىمىلەرگە ئۇچرايدىغانلىقىنى ھېس
قىلدى ۋە ئىشلەپچىقىرىش، سېتىش، سودا بىر گەۋدە
قىلىنغان ئۇنىۋېرسال ئىگىلىك تىكلەش پەللىسىگە
يۈرۈش قىلىش لازىملىقىنى تونۇپ يەتتى. شۇنىڭ
بىلەن ئۇ ئىدارە رەھبەرلىكى بىلەن كېڭىشىپ، 1993-
يىلى 3-ئايدا قەشقەر شەھەرلىك 2-يېڭىلىك سانا-
ئەت سىستېمىسىدىكى مېتال بۇيۇملىرى زاۋۇتى، مىخ
زاۋۇتى، پولات، ياغاچ ئۆي جاھازلىرى زاۋۇتى، قوي-
مىچىلىق زاۋۇتى، تۆمۈرچىلىك كارخانىسى قاتارلىق
كارخانىلارنى بىرلەشتۈرۈپ، قەشقەر شەھەرلىك مې-
تال بۇيۇملىرى سانائەت-سودا شىركىتىنى قۇرۇپ
چىقتى. بۇنىڭ بىلەن ئۇنىڭ مەجبۇرىيىتى ۋە ۋەزى-
پىسى ئېغىرلاشتى، لېكىن، ئۇ سەگەكلىك بىلەن ئىش
قىلىپ، مال مەنبەسىنى تەشكىللەش، ئىشلەپچىقىرىش،
سېتىش قاتارلىق ھالقىلاردا بازار ئىگىلىكىگە ماس
كېلىدىغان چارە-ئۇسۇللارنى قوللاندى. شىركەت قۇ-
رۇلغان تۇنجى يىلىلا ئومۇمىي مەھسۇلات قىممىتىنى
2 مىليون 900 مىڭ يۈەنگە يەتكۈزدى، دۆلەتكە 210
مىڭ يۈەن باج-پايدا يارىتىپ بەردى، ئىشچىلار-
نىڭ يىللىق ئوتتۇرىچە ئىش ھەققىنى 3800 يۈەندىن
ئاشۇرۇۋەتتى. 1994-يىلدىن 1996-يىلنىڭ ئاخىرىد-

رىغىچە بۇ شىركەت 4 مىليون 750 مىڭ يۈەنلىك مەھسۇلات قىممىتى، 298 مىڭ يۈەن باج - پايدا ياراتتى. شىركەتنىڭ ئەسلىدىكى 100 نەچچە مىڭ يۈەنلىك مۇقىم مۈلكى ھازىر 3 مىليون يۈەنگە كۆپەيدى، ئادەم سانى ئىلگىرىكى 28 كىشىدىن 160 كىشىگە يەتتى.

ئۇتۇق دېمەك — غەلىبە دېمەكتۇر، غەلىبە بار يەردە شان - شەرەپ بولماي قالمايدۇ. ئابدۇرېشىت قارى ھاجىمۇ بۇنىڭدىن مۇستەسنا ئەمەس. ئۇ، 1985 - يىلدىن 1995 - يىلغىچە ئۇدا ئىككى قارار شەھەر بويىچە «ئەمگەك نەمۇنىچىسى»، 1988 - يىلدىن بۇيان كۆپ قېتىم «ئىلغار ئىشلەپچىقارغۇچى»، «مۇنەۋۋەر كومپارتىيە ئەزاسى»، «ئىلغار كارخانىچى»، «خىزمەت ئىلغارى»، «بىخەتەر ئىشلەپچىقارغۇچى» بولۇپ باھالىنىپ مۇكاپاتلاندى. ئۇ باشقۇرغان بەش خىل مېتال سودا سانائەت شىركىتى قارمىقىدىكى بەش خىل مېتال زاۋۇتى، مىخ زاۋۇتى، مىللىي پولات - ياغاچ ئۆي جاھازلىرى زاۋۇتى، قۇيمىچىلىق زاۋۇتى، تۆمۈرچىلىك كۆپىراتىپى قاتارلىقلارمۇ ئۇدا بىر قانچە يىل «ئىلغار ئورۇن» بولۇپ مۇكاپاتلاندى.

1991 - يىلى 11 - ئايدا قەشقەردە يېزىلدى.

1996 - يىلى 10 - ئايدا تولۇقلاندى.

# ئۈچىنچى كۆز

1

بىر ئىشنىڭ كېلىپ چىقىشىغا يەنە بىر ئىش سەۋەب بولىدۇ. ئۇنىڭ مانا مۇشۇنداق ۋاستىلىق رولى قانۇنىيەتكە تولغان بۇ ئالەمدە كىشىگە بەزىدە بەخت، بەزىدە قايغۇ ئېلىپ كېلىدۇ. ئوقۇرمەنلەرگە مەلۇم بولغايكى، ئوچېركىمىزنىڭ باش قەھرىمانى ئۆمەر روزى ئاشۇنداق ئىش بىلەن، شۇنداقلا قانۇنىيەتنى قانۇنىيەتكە سەۋەب قىلىش يولىدا مېڭىپ ئۇتۇق قازانغان ئادەم. بۇنىڭ جەريانىغا قىزىقسىڭىز ئۇنىڭ قەدەم ئىزلىرىغا نەزەر سېلىڭ!

2

ئۆمەر روزى خېلىدىن بۇيان باغۋەنچىلىك بىلەن شۇغۇللىنىشنى ئارزۇ قىلىپ كەلگەنىدى. بۇنىڭغا يارىشا 1986 - يىلى 1 - ئايدا يەكەن ناھىيەسىدىكى تومۆستەڭ يېزىسىنىڭ ئوردا ئۆستەڭ كەنتىدىكى 112 مو ئالمىلىق باغنى ئالتە يىللىق توختام بىلەن ھۆددىگە ئالدى. توختام بويىچە ئۇ، ھەر يىلى 3000 يۈەن پايدا تاپشۇرۇشى لازىم ئىدى. ئەمما، باغنىڭ ھازىرقى ئەھۋالى زادى قانداق؟ ھەر يىلى 3000 يۈەن پايدا كەلتۈرگىلى بولامدۇ - يوق؟ دېگەندەك ئوبيېكتىپ مەسىلىلەر ئۇنى گاڭگىرىتىپ قويىدى. ئەلۋەتتە، باغنىڭ كۆلىمى ھەققىدىكى پاراڭنى ئاڭلى-

خان. لېكىن ئۆز كۆزى بىلەن كۆرمىگەن ئادەم بۇنىڭغا ئاسانلا جاۋاب بېرەلەيتتى. ئۆمەر روزى بولسا ھازىرچە ئالدىراپ جاۋاب بېرەلمەيتتى. چۈنكى باغ چوڭ، غاددى-يىپ تۇرغان ئالما دەرەخلىرى بار بولغان بىلەن، يىلىغا 400 — 500 يۈەنلىك مېۋە چىقماي كېلىۋاتقى-نىغا بىر قانچە يىل بولۇپ قالغانىدى ... قىسقىسى، ئۇنىڭ كونا، قاتمال، قالاق ھالەتتىكى باشقۇرۇش ئۇسۇلى باغنى ئاللىقاچان خاراب قىلىۋەتكەنىدى.

ئۆمەر روزى بۇنىڭدىن مەيۈسلىنىپ كەتمىدى، بەلكى باغ باشقۇرۇش تېخنىكىسىنى بىلىدىغان تېخ-نىكتىن بىرنى تېپىپ باغقا باشلاپ كەلدى-دە، ئۇ-نىڭدىن مەسلىھەت سورىدى.

— كۆچەتلەر ھورۇن خوتۇنىنىڭ بېشىدىكى چاچ-تەك چىگىلىشىپ كېتىپتۇ، — دېدى تېخنىك باغنى بىر قۇر كۆزدىن كەچۈرۈپ، — بۇنداق كۆچەتلەرنىڭ مې-ۋىسىمۇ ئوخشىمايدۇ ...

— سىزنىڭچە قانداق قىلساق بولىدۇ، ئۇكام، يول كۆرسىتىڭە !

— سۈپەتلىك مېۋە ئالىمىز دەيدىكەنمىز، ئالدى بىلەن كۆچەتلەرنى تېخنىكىلىق ئۆلچەم بويىچە ئو-مۇمىيۈزلۈك فورمىلاشقا توغرا كېلىدۇ. فورمىلاشتا ھەر بىر تۈپ مېۋىلىك دەرەخنىڭ غوللىرىدىكى بىر-بى-رىگە كىرىشىپ كەتكەن شاخلار مەلۇم نىسبەت بويىچە رەتلىك كېسىلىپ، تاكى بۇ تەرەپتە تۇرۇپ چالما ئات-ساق، ھېچقانداق شاخقا تەگمەي ئۇ تەرەپكە ئۆتكى-دەك بولغانغا قەدەر شالاڭلاشتۇرۇلىدۇ.

تېخىنىڭ بىر قانچە كۈن سەرپ قىلىپ، باغدىكى ئالما دەرەخلىرىنىڭ ھەممىسىنى ئۆلچەملىك فورمىلاپ چىققىنى، باغنىڭ ئىچى شاخ ـ شۇمبا بىلەن تولۇپ كەتتى. بۇ «ۋەقە»نى ئاڭلىغان كەنت كادىرلىرى باغقا يېتىپ كېلىپ پېشانىلىرىگە تۈرۈشۈپ زارلاندى:

— ئىسىت، بىر بەلەن بىغەمىز بۇزۇلۇپتۇ، قاراپ تۇرۇپ شۇنچىۋالامۇ ۋەيران قىلغان بارمۇ؟!

— ھېساب ـ سورىقى يوقتەك نېمانچىمۇ قاپ يۈرەكلىك قىلغانسىز؟

— باغنى مۇشۇنداق ۋەيران قىلىشتىن مەقسىتىڭىز زادى نېمە؟ ئۇتتۇن قىلىپ قالاشمۇ؟!

بۇ گەپلەر ئۆمەر روزىنىڭ ئوغىسىنى قايناتتى:

— باغنى ۋەيران قىلغىنىم يوق، ۋەيران بولغان باغنى تۈزەۋاتىمەن، ـ دېدى ئۆمەر روزى ئۇلارغا، ـ باغنى مەندىن ئۆتكۈزۈۋالىدىغان چاغدا، ساق تاپشۇرۇپ بېرەلمىسەم، قانداق جازالىساڭلار مەيلى، لېكىن ھازىر ھە دېگەندە ئىشلىرىمغا چات كىرىپ ئارىلىشىۋالماڭلار...

— نېمىشقا ئارىلاشمىغۇدەكمىز. بىر ئوبدان باغنى ۋەيران قىلسىڭىز، قاراپ تۇرساق بولامتى ئەمىسە؟!

— ھۆرمەتلىك رەھبەرلەر، تەتۈرلۈك قىلماڭلار، باغنى ۋەيران قىلىپ ئوت قويۇۋەتكىنىم، دەرەخلەرنى يىلتىزى بىلەن قومۇرۇپ تاشلىۋەتكىنىم يوقـقۇ؟! چاتاپ فورمىلىغانىنىڭ پايدىسىنى كېيىن كۆرىسىلەر!...

بۇ يۇرتتىكى كۆپ سانلىق كىشىلەر باغ دېگەن ـ

نى سۇغىرىپ قويسا ، چارۋا ـ ئۇلاغلارغا غاجىتىۋەت‑
مىسىلا بولۇۋېرىدۇ دەپ قاراپ ، باشقۇرۇش ، پەر ‑
ۋىش قىلىش ئىشلىرىغا سەل قارايتتى. شۇڭا، ئۆمەر
روزىنىڭ « قىلىقى » ئۇلارنىڭ كۆڭلىگە ياقماسلىقى
تۇرغان گەپ ئىدى . ئۆمەر روزى بۇنى بىلگەچكە ،
تالاش ـ غەۋغالارنى پىسەنتىگە ئېلىپ كەتمىدى ،
پەقەت : « ھە ، باغ دېگەننى مۇنداق باشقۇرسا بو ‑
لىدىكەن ـ دە ! » دېگۈدەك بىر ياخشى تەجرىبە يارى‑
تىپ قويۇشنى كۆڭلىگە پۈكتى .

3

باغ دېگەن ئەتراپلىق باشقۇرۇش، ئىلمىي پەر‑
ۋىش قىلىش ئارقىلىق ئىسمى ـ جىسمىغا لايىق باغ
بولىدۇ . ئۆمەر روزى ھۆددە ئالغان بۇ باغ بۇنىڭغا
تېخىمۇ موھتاج بولۇپ ، تۇپرىقى ئۇنۇمسىزلىشىپ
كەتكەچكە ، يېتەرلىك سۇغىرىشتىن باشقا ، ھەر خىل
ئورگانىك ئوغۇت ۋە خىمىيىۋى ئوغۇتلارغا ئېھتىياج‑
لىق ئىدى !

ئۆمەر روزى بىر قانچە ئادەمنى باغدا ئىشلەش‑
كە تەكلىپ قىلىش بىلەن بىر چاغدا ، تۆت ئادەمنى
مۇقىم ئىشچىلىققا تاللىدى ، ئۆزىمۇ كۆچىنىپ ئىش‑
لىدى. ئۇ، ھەر بىر تۈپ كۆچەتنىڭ تۈۋىگە ئورەك
كولاپ مەھەللىۋى ئوغۇت بىلەن خىمىيىۋى ئوغۇتنى
ئارىلاشتۇرۇپ كۆمدى ، ئوت ـ چۆپ بېسىپ كەتكەن
يەرلەرنى تومۇرۇپ يۇمشاتتى، سۇغىرىش ئېرىقلىرى‑
نى ۋە يوللارنى راۋانلاشتۇردى . بۇ ئىشلار ئۈچۈن
خېلى كۆپ پۇل چىقىم قىلدى ... بۇ قىلغانلىرى ئاز

كەلگەندەك، تارتقان جاپاسى ئېشىپ چۈشكەچكە، تۇرۇپلا باغنى ھۆددىگە ئالغىنىغا پۇشايمانمۇ يېدى. لېكىن، دەرد - ئەلەمنى باشقىلارغا بىلدۈرمىدى. بىلدۈرۈپ قويىدىغان بولسا، تۇرغۇن كىشىلەرنىڭ مەسخىرىسىگە باھانە تېپىپ بېرەتتى! ئۇ، ئۆز ئىشانى، غايىسى ھەققىدە خىيال سۈردى، پىكىر يۈرگۈزدى: «مەن پېنسىيىگە چىققان بىر كادىر. دېھقانلارنىڭ كۆپچىلىكى: كادىر دېگەن ئورۇندۇقتا ئولتۇرۇپ بۇيرۇق چۈشۈرۈشنىلا بىلىدۇ دەپ قارايدۇ، گاھىدا بۇ گەپنى يۈزتۇرانە دەيدىغانلار بار! ئۇلار كادىرنىڭ ئورۇندۇقتا ئولتۇرۇپ بۇيرۇق چۈشۈرىدىغانلىقىنىلا بىلىپ قالماي، ئېتىز - ئېرىقلاردىمۇ ئىشلىيەلەيدىغانلىقىنى كۆرۈپ باقسۇن، ئەقلىي ئەمگەك بىلەن جىسمانىي ئەمگەكنىڭ پەرقىنى، قۇدرەت-كارامىتىنى بىلىپ قالسۇن! ...» ئوي - خىياللىرى ئۇنىڭغا جاسارەت بەردى، شۇنداق قىلىپ، ئۇ بارلىق غۇرۇرىنى، جاسارىتىنى جىسمىغا قانات قىلدى.

ئۆمەر روزى ياش چاغلىرىدا يېزا مەكتىپىدە ئوقۇتقۇچى بولغان، ئۈچ ۋىلايەت ئىنقىلابى مەزگىلىدە، مىللىي ئارمىيىگە قاتنىشىپ كۆپ قېتىم خىزمەت كۆرسەتكەن، كېيىن، ھەر خىل سىياسىي بورانلارنى باشتىن كەچۈرۈپ، ئاخىرى «ئات ئايلىنىپ ئوقۇرىنى تاپار» دېگەندەك ئۆز يۇرتى يەكەنگە كېلىپ تۇختىغان. ئاندىن، بىر مەزگىل ناھىيىلىك سودا ئىدارىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى بولۇپ ئىشلەپ، 1985 - يىلى پېنسىيىگە چىققان. بۇ، سىيا-

سەت كەك قويۇپ بېرىلگىنىگە بىر قانچە يىل بولغان
چاغلار بولغاچقا، ئۇ خېلى كۆڭۈل توختىتىپ قالغا-
نىدى، چۈنكى ئەمدى «ئاقچى ئۇنسۇر»، «كۆكچى
ئۇنسۇر» دېگەندەك يارىشمايدىغان قالپاقلار چۆرۈپ
تاشلىنىپ، خاتىرجەملىك چىراي ئاچقانى-
دى. شۇڭا، كۆڭلىدە ئىزغۇن پىلانلارنى تۈزەتتى.
يېقىن - يىراقتىكىلەرمۇ بەزى ئىشلارنى قىلىشقا ئۈن-
دەيتتى. لېكىن، ئۇ، يېشىنىڭ بىر يەرگە بېرىپ قال-
غانلىقىنى ئويلىغىنىدا ھەممىدىن ۋاز كېچەتتى.
«ئادەم قېرىغان ئىكەن، خىزمەت ئورنىنى باشقىلار-
غا بىكارلاپ بېرىش ئوبيېكتىپ قانۇنىيەتكە ئۇيغۇن
ئىش، - دەپ ئويلايتتى ئۇ، پېنسىيىگە چىقىشنىڭ
ئالدىدا خىيال قىلىپ، - لېكىن، ھازىرقى ياشلار
خىزمەت ئورنىمىزنى تارتىۋېلىشقا ئاران تۇرىدۇ،
بىسىم ئىشلىتىدۇ، تېخى شۇنچە يىللاردىن بۇيانقى
تۆھپىمىزنى، نەتىجىلىرىمىزنى خىيالىغا كەلتۈرۈپ
قويۇشمايدۇ، ھەتتا كۆزىگە ئىلمايدۇ... ئىمكان بار،
ئورۇننى بالدۇراق بوشاتقان ياخشى، ساقالغا ئاق
كىرىپ، ئۇلارغا سەت كۆرۈنۈپ قالدۇقمۇ بولدى.
ھالىڭغا ۋاي! لېكىن سەپتىن بالدۇر چىقىۋېلىپ،
كۆڭلىدىكىنى قانداق ئۆتكۈزمەكچىسەن؟ ئاخىرقى ئۆمـ
رىنى خاتىرجەم، راھەت ئىچىدە ئۆتكۈزۈشكۇ تولا
ئوبدان ئىش. ئەممازە، راھەتلىك تۇرمۇش ئادەم-
نى ھورۇنلاشتۇرۇۋېتىدۇ، ھاياتنى بالدۇر خاراب قى-
لىدۇ... بۇ، چېنىقمىغانلىقنىڭ كاساپىتى. مانا كۆ-
رۈپ تۇرۇۋېتىمىز، كۆپ ساندىكى پېشقەدەم كادىرلار

پىنسىيىگە ، دەم ئېلىشقا چىقىپ ، ئۇزاق ئۆتمەيلا ئۆلۈپ كېتىۋاتىمىدۇ ؟ ! بۇ ، ھەرىكەتنىڭ بەك ئاز، راھەت - پاراغەتنىڭ ھەددىدىن زىيادە كۆپ بولۇپ كەتكەنلىكىدىن ئەمەسمۇ ! ... لېكىن ، چېنىقىش ئۈچۈنمۇ مۇۋاپىق مەيدان كېرەك ، كىچىك بالىلاردەك يۈگۈرۈپ يۈرگىلى بولمايدۇ - دە ! مۇۋاپىق مەيداننى ئۆزۈڭنىڭ تېپىشىڭغا توغرا كېلىدۇ . بۇنداق مەيدان ، ھەم ئادەمنى تاۋلاپ تەندۇرۇس قىلىدۇ ، ھەم ئۇزۇن يىللار مابەينىدىكى تەجرىبە - ساۋاقلىرىڭنى يەكۈنلەيدۇ ، ھەم ياراتقان تەجرىبىلىرىڭ ئەۋلادىڭغا نەمۇنە بولۇپ قالىدۇ ، ئەۋلادىڭ ئۇ تەجرىبىلەردىن پايدىلانسا ، سېنى ياد ئېتىدۇ ، ئۇ چاغدا ، قەدىر - قىممىتىڭ ئاشىدۇ. ھەممىدىن نوچىسى شۇ!...»

ئۆمەر روزى ئاخىرى ئۆزى ئارزۇ قىلغان «مەيدان» غىمۇ ئىگە بولدى ، چېنىقىپمۇ كۆردى . ئەمما زە ...

... كۆچەتلەرنىڭ سۈپەتلىك ھەم كۆپ مېۋە بېرىشىنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن ، ھېلىقىدەك تېخنىكىۋى تەلەپ بويىچە فورمىلاشتىن باشقا دورا چېچىپ ، زىيانداش ھاشاراتلارنىڭ پەيدا بولۇشىنىڭ ئالدىنى ئېلىشقا توغرا كېلەتتى . شۇڭا ، ئۆمەر روزى ئەتىياز كىرىشى بىلەنلا ، باغدىكى ئالما دەرەخلىرىگە دورا چېچىپ ، دەرەخلەرنىڭ غول ۋە كۆتەكلىرى ئەتراپىدىكى تۇپراق قاتلاملىرىدا قىشلىغان زىيانداش ھاشاراتلارنىڭ كۆپىيىشىنىڭ ئالدىنى ئالدى .

## 4

ھەش - پەش دېگۈچە 4 - ئاي كىردى . بۇ ، ھېۋىلىك دەرەخلەرنى ئەلا سورتلارغا ئۇلاشنىڭ تازا ئوبدان پەيتى ئىدى . ئۆمەر روزى مۇشۇ مەزگىلنىڭ كېلىشىنى تۆت كۆزى بىلەن كۈتكەن ۋە كۆڭلىگە بىر قىسىم پىلانلارنى پۈككەنىدى . شۇڭا ، ئۇ ، پۇرسەتنى ئۆتكۈزمەي ، بىر قانچە ئۇلاقچىنى تېپىپ كېلىپ ، ئىشنى باشلىۋەتتى . ئىككى - ئۈچ كۈن ئىچىدىلا باغ ئىچى يەنە شاخ - شۇمبىغا تولۇپ كەتتى . ھېلىقى چاغدا باغنى بېشىغا كىيگەن كەنت كادىرلىرى بۇنىڭ-دىن خەۋەر تېپىپ ، ئۆكسۈلى ئۆچكەن ھالدا يېتىپ كەلدى - دە ، كېسىلگەن ئالما دەرەخلىرىنى كۆرۈپ ، ئۆزلىرىنى تۇتۇۋالالماي چالۋاقىدى :

— نېمە دېگەن ئۆز بېشىمچىلىق بۇ ؟ ! ئۆتكەن-كىسى ئاز كەلگەندەك باغنى مۇشۇنداقمۇ ۋەيران قىل-غان بارمۇ ! ؟

— ئىسىت ، ئىسىت باغ !

— نېمىگە بۇنچىۋالا چالۋاقايسىلەر ؟ - دېدى ئۆمەر روزى تەمكىنلىك بىلەن ، - مەن باغنى ئوتتۇن قىلىپ قالمايمەن ، ئوتتۇن قىلىپ ساتماقچىمۇ ئە-مەسمەن . ئەگەر شۇنداق قارىساڭلار ... ماقۇل ، بۇ يىلغۇ ئوتتۇن قىلىپ ساتارمەن ، ھۆددە پۇلىنى تۆ-لەرمەن ، قالغان تۆت - بەش يىلدا نېمىسىنى سا-تىمەن ؟ ... سەل ئويلاپراق گەپ قىلايلى ، يولداشلار ، « ئېتى ئۇلۇغ ، سۈپرىسى قۇرۇق » دېگەندەك ، ئېتى ئالمىلىق باغ بولغان بىلەن ، ساپاسى يوق ، بازىرى

كاسات بۇنداق خەشەك ئالمىلار ھەر قانچە جىق بولغان بىلەنمۇ پۇلغا يارىمايدۇ. سىلەر بۇ باغنى ماڭا پۈل تاپ دەپ بەردىڭلارغۇ؟ كوللېكتىپقا 3000 يۈەننى ساق تاپشۇرۇش ئۈچۈن، بازارغا ئاپارسا پۇلغا يارىغۇدەك ئالما سورتلىرى بولمىسا بولامدۇ؟ شۇڭا، ئالما دەرەخلىرىنىڭ ماۋۇ بىر بۆلۈكىنى ئەلا سورتلۇق ئالمىغا ئۇلاتتىم. مانا مۇشۇ قېتىم ئۇلان-غان «داڭسەنلى»، «يالى»، «خۇندە» قاتارلىق ئالما سورتلىرى ھازىرقى ۋاقىتتا ئەڭ داڭلىق، با-زىرى ئىتتىك سورتلار بولۇپ، كونسېرۋا زاۋۇتلى-رىمۇ، خەلقمۇ بازارلارمۇ بۇ خىل ئالمىلارغا كۆپ-لەپ ئېھتىياجلىق. ھازىر كۆزۈڭلەرگە باغ ۋەيران بولغاندەك كۆرۈنۈۋاتقان بىلەن، مۇشۇنداق قىلغان-نىڭ پايدىسى كېيىن كۆرۈلىدۇ. مەن قارىسىغا ئىش قىلىدىغان ئادەم ئەمەس. باغنى ياخشىلاش مەقسى-تىدە 2000 يۈەندىن كۆپرەك پۇل خەجلىدىم. ئويلاپ كۆرۈڭلار، بېشىم ئىششىپ قېلىپ ياكى پۇلنى بۇزۇپ-چاچىدىغان يەر تاپالماي شۇنداق قىلدىممۇ؟ بۇ، كېيىنكى ئەۋلادلارغا نەمۇنە قىلىپ قالدۇرۇش ئۈچۈن ئەمەسمۇ؟ مېنىڭ بۇنىڭدىن باشقا نېمە مۇددىئايىم بولسۇن!...

ئۆمەر روزى ئېغىزدىلا بوش كەلمەيلا قالماس-تىن، يېزىچە باش چۆكۈرۈپ ئىشلىدى: ئالما دە-رەخلىرىگە دورا چېچىپ، زىيانداش ھاشاراتلارنى يوقاتتى، يېتەرلىك ئوغۇتلاپ سۇغاردى. شۇنداق قىلىپ، ئالمىلار ھەر قانداق يىلدىكىدىن ئوبدان

ئوخشىدى . ھېلىقى رەنجىگەن ، چىچاڭلاپ كەتكەن كەنت كادىرلىرى كۆزدە باغقا كىرىپ ، ھەم ھەيران بولغان ، ھەم خىجىل بولغان ھالدا :

— سىزنىڭ ئاجايىپ پەمىڭىز بار ئىكەن، ئۆتكەندە ئورۇنسىز رەنجىتىپ قويۇپتىمىز ...،- دېيىشتى.

تۇنجى ئالتۇن كۈز كەلدى . شاخلاردىكى ئالمىلار ئۇياتچان قىزلارنىڭ مەڭزىدەك قىزىرىپ پىشتى . لېكىن شۇ قەدەر ئوخشىغان بۇ ئالمىلارنىڭ نېمە سەۋەبتىندۇر باشقىلارنىڭ باغلىرىدىكى ئەلا سورتلۇق ئالمىلارغا قارىغاندا بازىرى كاسات بولۇپ ، نۇرغۇن ئالما سېتىلماي سېسىپ كەتتى ، مەھەللە-كويدىكى كىشىلەرگە بىكارغا بېرىپ خۇش قىلغاننى ھېسابقا ئالمىغاندا ، باغدىن قىلىنغان ئومۇمىي كىرىم باغدا ئىشلىگەنلەرنىڭ ئىش ھەققى ، تېخنىكا ھەققى ، ئىشلەتكەن ئوغۇت ، چاچقان دورىنىڭ پۇلى قاتارلىقلارنى چىقىرىۋەتكەندە سېلىنغان 6000 يۈەن مەبلەغنىڭ ئورنىنى تولدۇرالمايلا قالماي ، بەلكى 2300 يۈەن زىيان كۆرۈلدى . ئەمما بۇ خىل ئوڭۇشسىزلىق ئۆمەر روزىنى باغنى ئۆزگەرتىش، ياخشىلاش نىيىتىدىن ياندۇرالمىدى .

## 5

1987 - يىلى كىردى .

ئۆمەر روزى باغنىڭ قىشلىق پەرۋىشىنى تۈجۈپىلەپ ئىشلىدى ، ئالما دەرەخلىرىنىڭ ئەتراپىدىن ئورەك كولاپ ، يەنە بىر نۆۋەت مەھەللىلىۋى ئوغۇت بىلەن خىمىيىۋى ئوغۇتنى مۇۋاپىق مىقداردا ئارد-

لاشتۇرۇپ كۆرمىدى؛ قىش پەسلىدىكى ئارىسالدىچىلىقتىن پايدىلىنىپ باشقا جايلاردىكى باغۋەنچىلىك ئورۇنلىرىغا بېرىپ، ئالمىلىق باغلارنى باشقۇرۇش تەجرىبىلىرىنى ئۆگەندى؛ بۇ ئارقىلىق ئالما سورتلىرىنى ياخشىلاشنىڭ يېڭى يولىنى ئاچتى. ئەتىياز يېتىپ كېلىشى بىلەن ئۇ يەنە ئۇلاق مەزگىلىنى ئۆتكۈزۈۋەتمەي، باغنىڭ يەنە بىر تەرىپىدىكى ئالما كۆچەتلىرىنىلا ئەمەس، ئۆرۈك، شاپتۇل، توغاچ، بادام كۆچەتلىرىنىمۇ ئۇلىدى...

ئۆمەر روزى باغنى ھۆددىگە ئالغاندىن كېيىنكى ئىككىنچى كۈز پەسلىمۇ يېتىپ كەلدى. ئېگىلگەن شاخلاردىكى يوپيۇمىلاق ئارىسىدا قىزىرىپ پىشقان ئالمىلار خېلى ئوبدان ھوسۇلدىن بېشارەت بېرىپ تۇراتتى. ئەپسۇسكى، ئىش ئويلىغاندەك بولمىدى: باغدىن ئاران 9300 يۈەن كىرىم قىلىندى. ئۆمەر روزى ئالدى - كەينى بولۇپ، يەنە 1100 يۈەن زىيان تارتتى. دېمەك، باغنىڭ كىرىمى چىقىمىنى قامدىيالمىدى!

1988 - يىلمۇ يېتىپ كەلدى. بۇ ئارىلىقتا ئۆمەر روزى تىرىشىپ - تىرمىشىپ يۈرۈپ، باغنى ئاساسىي جەھەتتىن رەتكە سېلىپ بولدى. 830 تۈپ ئالما، ئامۇت، ئۆرۈك، شاپتۇل، توغاچ، بادام دەرىخىنى ئەلا سورتقا ئۇلاپ، بازىرى ئىتتىك، سۈپىتى ياخشى مېۋىلەرنىڭ تۈرىنى كۆپەيتتى، تۇنجى يىلى ئۇلانغان كۆچەتلەرنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك مېۋىگە كىرىپ، دەسلەپكى قەدەمدە ئەجرىنىڭ نەتىجىسى كۆرۈلدى.

ئۆمەر روزى باغدىكى ئەۋزەل تەبىئىي شارائىتتىن پايدىلىنىپ، بوش يەرلەرگە 81 تۈپ ئانار كۆچىتى تىكتى، ئىككى بويى ئۈزۈم تېلى سالدى؛ ھەر خىل سەي - كۆكتات، قوغۇن - تاۋۇزلارنى تېرىدى، بۇلاردىنمۇ ئوبدانلا نەپكە ئىگە بولدى.

## 6

سېخىي تەبىئەت ئۆمەر روزىنىڭ ئالمىلىق بېغىغا ئۈچىنچى ئالتۇن كۈز پەسلىنى بەخش ئەتكەن كۈنلەرنىڭ بىرىدە، بىزگە «باغ سەيلىسى» نېسىپ بولدى.

باغنىڭ دەرۋازىسىنى بىر بالا ئاچتى، بىز باغ ئوتتۇرىسىدىكى يولنى بويلاپ بىر ئاز ماڭغاندىن كېيىن، بېرزىنت لاپاس ئاستىدا بىر نەچچە كىشى ئالما، ئامۇتلارنى تۈرگە ئايرىۋاتقان يەرگە باردۇق.

— پاھ، نېمە دېگەن جىق ئالما، ئامۇت بۇ؟

— ئالمىنىڭ پۇرىقى نېمە دېگەن مەززىلىك - ھە؟

— ئېيتارمۇ، بۇنىڭدەك ئۆتكۈر پۇرىماس!

— بۇنداق ئېسىل پۇرىقى بار ئالما سورتىنى ئۇچراتمايتتىكەنمەن.

— قېنى، ئابدۇسەمەت ئاكا، مۇشۇ پۇراق ھەققىدە بىر پارچە شېئىر يازماملا!

— راست، ئوبدان دېدىلە، ئىلھامىم مېنى شېئىر يېزىشقا قىستاپ تۇراتتى! قارىسىلا ...

بىزنى باغقا باشلاپ كەلگەن پېشقەدەم شائىر ئابدۇسەمەت خېلىلىنىڭ ھارارەتلىك قەلب قەسرىدىن ئىلھام چەشمىلىرى ئېتىلىپ چىقتى. ھېسسىيات-

قا باي بۇ شائىر ھەقىقەتەن قاتتىق ھاياجانلىنىپ كەتكەنىدى.

— ئۆمەر روزىغا ئامەت تازا بىر كەپتۇ، قارىسىلا، ئاۋۇ ئالمىلارغا! — دېدى ئابدۇسەمەت خېلىل ئاكا ھاياجان ۋە سۆيۈنۈش بىلەن ئالدى تەرىپىمىزدىكى شاخلىرىنى كۆتۈرەلمەي قالغان، يوپۇرماقلىرىدىن مېۋىسى كۆپ بىر تۈپ ئالما دەرىخىنى ماڭا كۆرسىتىپ تۇرۇپ.

بىز باغنى ئارىلاپ باياتقى ئالما، ئامۇت دۆۋىلەنگەن يەرگە كەلگەندە، ئاددىي-ساددا ئۈستىباش كىيگەن، بۇرۇت قويدۇرۇۋالغان، 60 ياشلاردىكى بەستلىك بىر ئادەم لاپاس ئاستىدىكى ئالما، ئامۇتلارنى تۈرگە ئايرىۋاتقان كىشىلەرنىڭ يېنىدىن قوپۇپ بىز بىلەن كۆرۈشتى (ئۇ، بايا بۇ يەردە يوق ئىدى). بۇ ئادەم مۇشۇ باغنىڭ خوجايىنى ئۆمەر روزى ئىدى.

ئۆمەر روزى بىزنى ئەگەشتۈرۈپ، باغنى قايتىدىن سەيلە قىلدۇردى. بۇ مېۋە يىغىش پەيتى بولغاچقا ئالدىراش ئالما ئۈزۈۋاتقان، سېۋەتكە قاچىلانغان ئالمىلارنى يەل چاقلىق ھارۋىغا بېسىپ، باياتقى ئالما، ئامۇت دۆۋىلەنگەن جايغا ئاپىرىشنىڭ كويىدا بولۇۋاتقان ئىشلەمچىلەر خېلى كۆپ ئىدى. ئۇلارنىڭ يېنىدىن ئۆتۈپ كېتىۋېتىپ، خېلى جىق ھەسەل ھەرە ساندۇقلىرىنى كۆرۈش بىلەن:

— ھەسەل ھەرىسىمۇ باققان ئوخشىماملا؟ — دەپ سورىدۇق ئۆمەر روزىدىن.

— ياق، مەن بۇنىڭغا قانداق يېتىشىپ بولاي، ئۇ، باشقىلارنىڭ ھەسەل ھەرىلىرى، قىشلىتىۋالساق دەپ ئېلىپ كەپتۇ. ئويلىسام، ئەتىيازدا ھەسەل

ھەرىسىنىڭ باغدا تۇرغىنىنى ياخشى ئىكەن، چاقىلاشمىغان چېچەكلەرنى چاقىلاشتۇرىدىكەن.

— بۇ يىل ئالما، ئامۇتتىن قانچىلىك ھوسۇل ئالىدىغانىدەك تۇرىلا؟

— ئاز دېگەندىمۇ 12 — 13 توننا ئالما، ئامۇت ئالالايمەن، — دېدى ئۆمەر روزى سۆيۈنگەن ھالدا، — بىرسى بىلەن ھەر بىر كىلوگراممىنى 90 پۇڭدىن ئون توننا دوگوۋورلاشقانىدىم، ھازىر شۇنىڭ تەييارلىقىنى قىلىۋاتىمەن. يەنە يەتتە - سەككىز كۈندىن كېيىن ئېلىپ كېتىدۇ... بۇ يىلدىن باشلاپ باغدىن پايدا ئالىدىغانلىقىمدا گەپ يوق. ئەمما قىلغان چىقىم ئالدىنقى يىللاردىكىدىن نەچچە ھەسسە ئاز بولدى. بۇنىڭدىن كېيىن تېخىمۇ ئازىيىدۇ، قىسقىسى، باغنىڭ «غەلۋىسى» تۈگىدى. يەنە بىر نەچچە يىلدا، يىللىق پايدىسىنى 50 مىڭ يۈەندىن ئاشۇرۇۋېتىمەن. شۇنداق قىلىپ دەسلەپتە تارتقان زىيانلىرىمنىڭ ئورنىنى تولدۇرۇۋالىمەن. باغ دېگەنگە قانچىلىك ئەجىر قىلسا شۇنچىلىك نەپ ئالغىلى بولىدىكەن. سالامەتلىك ۋە ئۆمرۈم يار بەرسە، بىر قانچە يىلدىن كېيىن بۇ باغدىكى كارامەت يېڭىلىقلارنى كۆرىلا تېخى!...

بىز ھاياجانلاندۇق ۋە:

— ئېھ، ئالمىلىق باغ! ئالتۇن سۈيىدە سۇغىرىلغان ئالتۇن بويلىرىڭ، ئالتۇن كۆزلىرىڭ مەڭگۈ جۇلالىنىپ تۇرغاي!!، — دېدۇق.

1988 - يىلى 11 - ئاينىڭ 21 - كۈنى، يەكەن — قەشقەر.

# پونكىت باشلىقى ھەققىدە ھېكايە

## «ھەي، سوجاڭ!...»

كەچ كىردى، پونكىت باشلىقى قايتىپ كەلمە- گەنسېرى ئايالىنىڭ تاقىتى - تاق بولدى. ئۇ، بۇن- داق ساقلاشلارغا كۆنۈپ قالغان بولسىمۇ، ئېرىنىڭ قاتتىق چارچىغانىنىڭ ئۈستىگە ئاچ قورساق كېلىدى- غانلىقىنى ئويلىغىنىدا كۆڭلى ئارام تاپمايتتى، چۈن- كى، ئۇ ھەر قانچە كەچ قايتىپ كەلگەن چاغلاردىمۇ مېھمان- دارچىلىققا بارمايتتى، بەلكى بازار باشقۇرۇش راسخو- تى، مال يۆتكەش راسخوتى ۋە باشقا ھەقلەرنى تۆلىمەي، يوشۇرۇن سودا - سېتىق قىلىدىغان بىرەر تىجارەتچى بىلەن «تۇتۇشۇپ» ئۆز مەجبۇرىيىتىنى ئادا قىلاتتى. بۇ خىل ئەمەلىيەتنى ئايالى بەش قولدەك چۈشەنگەچ- كە، ئۇ قايتىپ كەلگەندە ھەرگىز كايىمايتتى، ياكى نەگە بارغانلىقىنى چۈشەندۈرۈشىنى تەلەپ قىلمايت- تى. بۈگۈنمۇ يەنە شۇنداق ئىشتىن بىرسى يۈز بەر- گەنىدى. ئۇ، ئەمدى ئىشتىن چۈشەي دەپ تۇرغاندا، بىر «قۇلاق» مەلۇم بىر تىجارەتچىنىڭ كۈنجۈرە يۆت- كەيدىغانلىقىنى مەلۇم قىلدى. بۇنى ئۇققان پونكىت باشلىقى ئۇلار ماڭىدىغان يولنى مۆلچەرلەپ ساقلاپ تۇردى، ناماز شام بولغاندا، دېگەندەك كۈنجۈرە بې-

سىلغان بىر يۈك ئاپتوموبىلى كەلدى، ئۇ، مال ئىگى-
سىگە چىرايلىق چۈشەندۈردى. مال ئىگىسى ئۇنىڭغا
ياللۇۋۇرۇشقا، خۇشامەت قىلىشقا باشلىدى، سەۋەبكۆر-
سىتىپ، رەسمىيەت بېجىرىشتىن ئۆزىنى قاچۇردى.
پونكىت باشلىقى ئىدەسۆزلەپ قايىل قىلىش ئارقىلىق،
رەسمىيەتھەققى ئۈچۈن 150 يۈەن ئالدى... ئايالى ئۇنىڭ
چاڭقاپ كەتكەنلىكىنى سېزىپ ئاۋۋال سوغۇق چاي كەل-
تۈردى. ئاندىن دەرھال ئوت يېقىپ، بىر دەمدىلا بىر
تەخسە تاماق تەييارلاپ ئالدىغا قويغاندىن كېيىن
ئېيتتى:

— سىز بايام چارباغلىق ھېلىقى تۆمۈر - تە-
سەك ساتىدىغان «ت» دىن كىرگۈزگەن 900 يۈەن نېمە
پۇل ئىدى؟! سوجاك ئەۋەتتى دېگەچكە ئېلىپ قويدۇم.

— نېمە؟!- ھەيرانلىقتىن پونكىت باشلىقىنىڭ
ئاغزى ئېچىلىپ قالدى،- مەن بۈگۈن ئۇنى كۆرمىسەم
نەدە پۇل بېرىمەن! بىر ئويۇن بار پۇل ئىكەن، ئەمىسە
ئۇ، ئېلىپ يامان قىپسەن، خوتۇن!

— ئاغىنىڭىز بولغاندىن كېيىن يالغان سۆزلى-
مەس دەپتىمەن!

پونكىت باشلىقى تامىقىنى ھاپىلا - شاپىلا يېدى-
دە، ئورنىدىن تۇردى.

— نەگە؟- دەپ سورىدى ئايالى.

— پۇلنىڭ تېگىنى سۈرۈشتە قىلىپ كېلەي، ئۇ-
نى قولۇمغا بەر!

ئۇ، ئايالى ئېلىپ چىقىپ بەرگەن پۇلنى يانچۇ-
قىغا سالدى - دە، دەرۋازىدىن چىقىپ، ناھىيە بازى-

ردىنىڭ تۆمۈر ـ تەسەك سا تىدىغان شوتا ئۈستەڭ تە-
رەپىگە قاراپ يۈرۈپ كەتتى.
ئايالى ئۇنىڭ قانداق چاغدا قايتىپ كەلگەن-
لىكىنى سەزمىدى. تاڭ ئاتسا 8 ـ ئايغا تۆت بولات-
تى. كېچىنىڭ شۇنداق قىسقىلىقىغا قارىماي، ئۇ يەنە ئا-
يالىدىن بالدۇر ئورنىدىن تۇردى. ئۇ تولىمۇ پەرى-
شان كۆرۈنەتتى. ئايالى ناشتىلىقنى تەخلەپ قويۇپ
ئازتۇقچە گەپ قىلماي ئۆز ئىشىغا تۇتۇندى. لېكىن
چۈنكىنت باشلىقى يۈز ـ كۆزىنى يۇيۇپ بولۇپلا سىرتقا
ماڭدى، ناشتىلىق جايىدا قالدى، ئېرىنىڭ مىجەزىنى
بىلىدىغان كۆيۈمچان ئايال نېمىمۇ دېيەلىسۇن؟!
بىز تەرىپىنى قىلىۋاتقان بۇ كىشى قاغىلىق نا-
ھىيىلىك سودا ـ سانائەت مەمۇرىي باشقۇرۇش ئىدا-
رىسى قارىمىقىدىكى يېتىملىقۇم يېزىلىق
سودا ـ سانائەت مەمۇرىي باشقۇرۇش چۈن-
كىتىنىڭ باشلىقى ئىدى. ئىسمى تۇرسۇنجان
رەھمىتىللا بولسىمۇ، كىشىلەر «سوجاڭ» دەپ چاقىر-
شاتتى. شۇ كۈنى ئۇ خىزمەت ئورنىغا كەلگەندە ئىشخا-
نىلار تېخى ئېچىلمىغانىدى. ئۇ ئۆز ئىشخانىسىنى بىر
قۇر يېسىقتۇرۇۋەتكەندىن كېيىن، رادىئو تارقىتىش
ئاپپاراتىنىڭ كونۇپكىلىرىنى ئېچىپ، ئەتىگەنلىك
تەشۋىقات ئاڭلىتىشنى باشلىدى. ئاڭلىتىش ئاخىر-
لىشاي دېگەندە، ئىشقا چۇشۇش ۋاقتى يېقىنلاشتى. ئۇ
مىكروفون ئالدىغا كېلىپ، چۈنكىتقا تەۋە بازار قارى-
مىقىدىكى گۇرۇپپا مۇدىرلىرىنىڭ دەرھال كېلىشىنى

ئۇقتۇردى. ئۇن مىنۇتقىمۇ يەتمىگەن ۋاقىت ئىچىدە ئۇن نەچچە كەسپىي خادىم ۋەگۇرۇپپا مۇدىرلىرى يېتىپ كەلدى. تۇرسۇنجان ئۇلارنى ئەگەشتۇرۇپ، ناھىيىلىك خەلق دوختۇرخانىسى يېنىدىكى ئاشخانىغا باردى. ئاشخانا خوجايىنى ئۇلارنى سىيلىق - سىپايىلىق بىلەن كۈتۈۋالدى.

— كەلسىلە سوجاڭ، كەلسىلە، ئاشخانىغا كىرىشسىلە، مېھمان باشلاپ كېلىپ مېنى ئەجەبمۇ خۇشال قىلىۋەتتىلە!؟

— رەھمەت ،- دېدى تۇرسۇنجان رەمىتىللا،-نەق گەپنى قىلاي، بىز مېھمان بولغىلى كەلمىدۇق، رەسمىيەتسىز سېلىۋالغان ئۆيلىرىنى بۇزغىلى كەلدۇق ، ماۋۇ ئۆينى دەرھال چۇۋۇۋەتسىلە، بولمىسا، ئۆزىمىز بىر تەرەپ قىلىمىز...

— ھەي، سوجاڭ، ئالدى بىلەن بىر پىيالىدىن چاي ئىچىشسىلە، ئاندىن...

— مەن ئاخشام چارباغقا بېرىپ، «ت» بىلەن كۆرۈشۈپ سىلى ئەۋەتكەن پۇلنى يۈزىگە ئاتتىم،كىمگە بەرگەن بولسىلا پۇللىرىنىشۇنىڭدىن تاپشۇرۇپ ئالسىلا، ماڭا ھارام ئاقچا لازىم ئەمەس، گەپنى ئاۋۇتمايلى، ئىش ھازىر مەن دېگەندەك بولسۇن، بولمىسا، ئاشخانىلىرىنى تاقاپ قويۇپ، قالدى ئىشلارنى قانۇن، بەلگىلىمە بويىچە بىر تەرەپ قىلىمەن.

— ھەي، سوجاڭ، ماڭا ئۇۋال بولىدۇ...

— نېمە؟ ئەجەب باشقىلارغا بېرىدىغان 20 كۋادراتمېتر يەرگە بىر كېچىدىلا ئۆي سېلىۋالسىلا، باش-

قىلارغا ئۇۋال بولماي سىلىگە ئۇۋال بولامدىكەن؟! ئا-
شۇ يەردىن دۇكانلىق يەر بەرسە دەپ تالىشۋاتقان-
لار ئادەم ئەمەس، سىلىلا ئادەممۇ؟ يەر دۆلەتنىڭ،
ھەممە ئادەمنىڭ بازار ئىچىدىكى يەرلەردىن ئورتاق
پايدىلىنىش ھوقۇقى بار. سىلە ئىپى بار يەرنى كۆپ
ئىگىلىۋالسىلا، باشقىلار نېمە ئىش قىلىدۇ؟ سەن
ئۆل، مەن تىرىلەي دېسەك بولماس، سەل كەڭقورساق
بولسىلا، باشقىلارمۇ سىلىگە ئوخشاش پۇل تاپسۇن،
كۈن كۆرسۇن، بىزمۇ نورمال خىزمەت ئىشلەيلى، ئۆي-
نى دەرھال چۇۋۇسىلا، ئەتە - ئۆگۈن دېيىشكە رۇخسەت
يوق، بىز بىكارغا كەلمىدۇق...
— ھەي، سوجاڭ، ئۇنداق قىلىشىپ كەتمەيلى...
— مەن پرىنسىپ بويىچە شۇنداق قىلىمەن!
ئۇ قول ئاستىدىكىلەرگە بۇيرۇق بەردى.
ئاشخانا خوجايىنى: «ھەي سوجاڭ... ھەي سو-
جاڭ...» دەپ ئۇيان- بۇيان پالاقلىدى. كېيىن بولسا:
«ئۇ يەرگە دەيمەن، بۇنىڭغا دەيمەن، ئەرز قىلىمەن»
دېگەندەك گەپلەر بىلەن تېرە تاراقشىتتى. لېكىن،
ھەش - پەش دېگۈچە ياغاچ ۋە پەنەركە بىلەن سېلىن-
غان ھېلىقى ئۆي چۇۋۇپ تاشلاندى، قانۇنسىز ئىگىلە-
ۋېلىنغان جاي بىكارلاندى ۋە دۇكانغا ئېھتىياجى بار-
لار ئۇچۇن تەييارلاپ قويۇلدى.

## «سوجاڭ سىزگە ئەرزىم بار»

بۇ 8 - ئاينىڭ 13 - كۈنى. تۇرسۇنجان رەھ-
مەتۇللا ئىشخانا ئىشىكىنى ئوچۇق قويۇپ ئىشلەۋاتاتتى،

كارىدوردا بىرسىنىڭ ئۇيان-بۇيان مېڭىپ يۈرگىنىنى كۆردى. قارىغاندا ئۇ تۇرسۇنجان رەھىمىتۇللانىڭ بىكار بولۇشىنى كۈتۈپ، ئىشخانىغا كىرىشكە جۈرئەت قىلالمايۋاتقاندەك قىلاتتى.

— هوي مېهمان، تارتىنماي كىرسىلە! – دېدى ئۇ ئاخىرى.

«مېهمان» يادىكىغۇ چىراي، ئۈستىباشلىرىدىكى كىيىملىرىنىڭ كونىلىقىدىن نامراتلىقى بىلىنىپ تۇرىدىغان ئەللىك بەش ياشلاردىكى ئايال ئىدى. ئۇ قورۇنغان هالدا ئىشخانىغا كىردى ۋە تىترەڭگۈ ئاۋازدا ئېيتتى:

— سوجاڭ بالام، ئۆزلىرىگە ئەرزىم بار ئىدى...

قورۇق باسقان چىرايىنى بىر خىل ئېچىنىشلىق يىغا چۇلغىۋالغان بۇ ئايال تىترەپ تۇرغان قوللىرىنى قوينىغا تىقىپ بىر پارچە خەتنى چىقاردى-دە، ئاۋايلاپقىنا تۇرسۇنجانغا تەڭلىدى.

— ئولتۇرسىلا! – دېدى تۇرسۇنجان بىر چەتتىكى ئورۇندۇقنى كۆرسىتىپ، ئاندىن قەغەزنى ئېچىپ كۆز يۈگۈرتتى:

ئەرزنامىگە بىر يەككە دوختۇر ئۈستىدىن قىلىنغان شىكايەت يېزىلغانىدى. بۇ ئايالنىڭ ئىسمى تۇخان هېيت بولۇپ، ناهىيە بازىرى 9 – ئاهالىلەر كومىتېت 3 – گۇرۇپپىدا ئولتۇرۇشلۇق نامرات ئايال ئىكەن. بىر قانچە كۈننىڭ ئالدىدا ئون تۆت ياشلىق ئوغلى تۇيۇقسىز قىزىتىپ

قېلىپ، باشقىلارنىڭ ئازراق پۇل قەرز بېرىشى بىلەن يەككە دوختۇر ×× نىڭ داۋالاش ئورنىغا ئېلىپ بېرىپتۇ، دوختۇر بالىغا ئوكۇل ئۇرۇپ ۋە دورا بېرىپ يولغا ساپتۇ. بالا ئۆيگە ئېلىپ بېرىلغاندىن كېيىن، كۈتۈلمىگەندە ئوكۇل رېئاكسىيە قىلىپ ئۆزگىرىپ قاپتۇ. ئايال ئىنسانپەرۋەر قوشنىلىرىنىڭ ياردىمى بىلەن بالىسىنى ناھىيىلىك خەلق دوختۇرخانىسىنىڭ جىددىي بۆلۈمىدە داۋالىتىپ خەتەردىن قۇتۇلدۇرۇپتۇ. بۇ جەرياندا 278 يۈەن 98 پۇڭ چىقىم بوپتۇ. ئايالنىڭ نەدە بۇنچىلىك پۇلى بولسۇن! ئۇ ئاھ ئۇرۇپ يىغلاپ يۈرسە، بىرسى ئەقىل كۆرسىتىپ: «بازار باشقۇرۇش پونكىتىدىكى تۇرسۇنجاننى تاپسىڭىز، زىيانلىرىڭىزنى يەككە دوختۇردىن تۆلىتىپ بېرىدۇ» دەپتۇ.

تۇرسۇنجان ئەھۋالنى ئۇقۇپ قاتتىق ئېچىندى ۋە دەرھال ئىشنى جايىدا قويۇپ، يەككە ئەمگەكچىلەر جەمئىيىتى ئارقىلىق يەككە دوختۇر ×× نى چاقىرتىپ، تۇخان ھېيتنىڭ زىيىنىنى تۆلەپ بېرىشنى ئېيتتى.

— تۇرسۇنجان سۇجاڭ، بۇنىڭدىكى مەسئۇلىيەت مەندە ئەمەس. مەن كېسەلنىڭ ئەھۋالىغا ئاساسەن داۋالىغان، بۇنىڭدا قىلچە سەۋەنلىك يوق، — دېدى دوختۇر ئۆزىنى ئاقلاپ، — سىلى تۆلەپ بېرىسەن دېسىلە، مەن ياق دېمەيمەن، سىلىدىن باشقا ئادەم بولىدىغان بولسا، نەگە بېرىپ دەۋالاشسام، دەۋالىشاتتىم...

تۇخان ھېيت بىر پارچە پۇل تاپشۇرۇۋېلىش ھوج-
جىتىنى تەييارلاپ بولغىچە ئارىلىقتا يەككە دوختۇر
پۇلنى ئېلىپ كىرىپ تۇرسۇنجان ئارقىلىق ئايالىغا
تاپشۇردى . تۇخان ھېيت كۆز يېشى قىلىپ تۇرۇپ:

— سوجاڭ ، خۇدا ئۆمۈرلىرىنى زىيادە قىلسۇن،
ماڭا قىلغان ياخشىلىقلىرىنى ئۆلگىچە ئۇنۇتمايمەن ،
مەرتىۋىلىرى تېخىمۇ يۇقىرى بولغاي ، - دېدى ياخشى
كۆڭۈل، تىلەكلىرىنى بىلدۇرۇپ .

× ×

— تۇرسۇن سوجاڭغا بىر گېپىم بار ئىدى ، -
دېدى سايباغ يېزىسىدىن كەلگەن بىر دېھقان بىر كۈ-
نى ، - ئاڭلىسام ئۇ، ئىستېمالچىلارنىڭ مەنپەئەتىنى
بەكلا قوغدايدىكەن ، تۇرسۇن سوجاڭ قايسىلىرى
بولىدىكىن ؟

— مەن شۇ ! - دېدى خىزمەت ئورۇنلاشتۇرۇۋات-
قان تۇرسۇنجان رەھمەتلىك ئىللىق چىراي ئېچىپ.

— بىر ھەپتىنىڭ ئالدىدا بېكەت ئالدىدىكى ئا-
ئىلە ئېلېكتر سايمانلىرى ساتىدىغان دۇكاندىن 36
يۈەنگە بىر دانە توك سائىتى ئالغانىدىم ، توك باش-
قۇرغۇچىلار تەكشۈرۈپ، سۈپىتى ناچار ، ساختا سائەت
ئىكەن دەپ، بېكىتىپ بەرگىلى ئۇنىمىدى ، سائەتنى
دۇكانچىنىڭ ئالدىغا ئېلىپ بارسام ، ئالماشتۇرۇپ
بەرگىلىمۇ ، پۇلۇمنى قايتۇرۇپ بەرگىلىمۇ ئۇنىمىد-
ى ، - دېدى دېھقان تۇرسۇنجانغا ئەھۋال چۈشەندۈ-
رۈپ ، - شۇڭا، بۇ ئىشنى ھەل قىلىپ بېرەرمىكىن دەپ
ئالدىلىرىغا كىرىشىم . قايسى كۈنىمۇ ، بىزنىڭ مە-

ھەللىدىكى بىرەيلەننىڭ سائىتىنى سىلى ئالماشتۇ - رۇپ بىرىپتىكەنلا ...

— ئۇنداق بولسا دۇكانغا بارايلى ، ئەھۋالنى ئۇقۇپ ئاندىن بىر نەرسە دەي .

ئۇلار ھېلىقى دۇكانغا باردى .

— سوجاك ، - دېدى دۇكاندار ، - سائەتنى ئال- ماشتۇرۇپ بىرەي ياكى مالنى ياندۇرۇپ پۇلىنى بې- رەي دېسەم ، ئارقا تەرىپىنى چۇۋۇپ ، پىچىتىنى بۇ- زۇپ بوپتۇ ، سائەتنى مەن ئىشلەپچىقارمىغان ، ھۆ- كۈمەت ئىشلەپ ، « لاياقەتلىك » دەپ ماركا چاپلاپ ساتقان تۇرسا ، ساختا چىقىپ قالسا مەندە نېمە ئا- مال ، مەنمۇ تۇرقىنى ساتتىم ، قانداق چىقسا ، خې- رىدار ئۆز تەلىيىدىن كۆرسۇن ، ياندۇرۇپ بىرەل- مەيمەن ...

— بۇنداق دېسىڭىز بولمايدۇ . ئىشنى چىراي- لىق ھەل قىلىشقا ئۇنىمىسىڭىز ، ساختا مەھسۇلات ساتقانلار قاتارىدا بىر تەرەپ قىلىمىز . ياخشىسى ، بۇنداق مەھسۇلاتلارنى دۇكانغا سالماڭ ، ساختا مەھ- سۇلات ياخشى ئاقىۋەت ئېلىپ كەلمەيدۇ .

— سىلى بىز تىجارەتچىلەرنى قوللىماي ، خې- رىدارنى كۆتۈرسىلە بولماس، سوجاك ، بىز بازار باشقۇرۇش ھەققى تاپشۇرىمىز ئەمەسمۇ! سىلى بىزنى زىيانغا ئىتتىرسىلە ، ئاش بەرگەن تاۋاقنى چاققان- دەك ئىش بولىدۇ .

— بۇ گەپ تازا قاملاشمىدى ، مەن ئوتتۇردا تۇرىدىغان ئادەم ، پايدا - زىيانغا كەلگەندە ھەقنى

سۆزلەيمەن ، تىجارەتچىنىمۇ ، خېرىدارنىمۇ قوغداي-مەن ، ھەقىقەت كىمدە بولسا، شۇ تەرەپكە يان باسى-مەن . ھازىرقىدەك ئەھۋالدا ، سىلىنى قوغداش ئا-دىللىق ئەمەس . مۇھىمى سىلە بىلەن بىزگە «نان» بېرىدىغان ئادەم خېرىدار ، خېرىدارسىز تىجارەت قى-لىپ باقسىلا قېنى ! ئۆزلىرىگە ئۆزلىرى خېرىدار بو-لالمايلا - دە ! ئىستېمالچىلارنىڭ مەنپەئەتىنى قوغ-دىغانلىق ماھىيەتتە تىجارەتچىلەرنى قوغدىغانلىق بولىدۇ . ساختا، ناچار نەرسىلەرنى سېتىپ خېرىدار-لارنى قاقشاتساق ، ئۇلار ئىككىنچىلەپ ئالدىمىزغا كەلمەيدۇ . ئۇ چاغدا ، تىجارەتچى ۋەيران بولىدۇ ، خېرىدارغا ساتقان مېلىمىز ئەرزىمىسە قايتۇرۇۋال-ساق ، ئالماشتۇرۇپ بەرسەك ، سەمىمىي ، راستچىل بولساق ، ئۇلار يەنە ئالدىمىزغا كېلىپ سودا-سېتىق قىلسا ، تىجارەت جانلىنىدۇ ، ئازغىنە زىيانىنى دەپ خېرىدارنى قاقشاتقان تىجارەتچى ئاخىرىدا ئۆزى قاقشاپ قالىدۇ ...

تۇرسۇنجان رەستىلىلارنىڭ قائىدىلىك سۆزلىرى بىلەن قايىل بولغان دۇكاندار سائەتنى قايتۇرۇپ ، پۇلنى بېرىدىغان بولدى ۋە :

— بىز سائەتلەرنى ئۈرۈمچىدىن ئەكەلگەن ، تولىسى مۇشۇنداق چىقىپ قالدى ، ھەممىسىنى سا ت-ماي ئايرىپ بېرىپ پۇلۇمنى ئېلىپ كەلمىسەم بول-مىدى ، ئالغان چاغدا شۇنداق دېيىشكەنىدىم ،- دېدى.

— ھە ، مانا بۇ گەپ جايىدا بولدى . دەردىنى پۇل بەرگەن خېرىداردىن ئالماي ، ساختا مەھسۇلات

ئىشلەپچىقارغۇچىلاردىن ئالساق توغرا بولىدۇ، - تۇرسۇنجان دۇكانداردىڭ قولىنى سەممىيلىك بىلەن سىقىپ خوشلاشتى.

## ئاغىنىلەر سورۇنىدىكى پاراڭ

بىر كۈنى يېقىن ئاغىنىلەر بىر سورۇندا بولۇپ قالدى. ئۇلارنىڭ ھەممىسى تىجارەت بىلەن شۇغۇللىنىدىغانلار ئىدى، پاراڭ ئارىسىدا تۇرسۇنجان رەھمەتلىككە تىلغا ئېلىندى. ياشقىنا كەلگەن، كېيىنىشى سىپتا، قارىي سۆپەت بىرەيلەن ئاغىزى - ئاغزىغا تەگمەي سۆزلەپ كەتتى:

— تۇرسۇنجان ھەقىقەتەن بولىدىغان ئادەم! - دېدى ئۇ ھاياجانلىنىپ، ئاندىن مۇنداق بىر ئىشنى ھېكايە قىلىپ بەردى، - بۇ يىل قۇربان ھېيتتىن كېيىن، تېرە بازىرى قاتتىق چۈشۈپ كەتكەچكە بىرەر مىليون يۈەنلىك تېرىنى ساتالماي بېسىپ قويدۇم، قارىسام، تۇرۇۋەرسە زىيان كۆرۈپ كېتىدىكەن، ئېلىشىغا ساتتىم، زىيانمۇ تارتتىم، بىزنىڭ كەسپىمىز شۇ بولغاچقا، بىكار ياتقىم كەلمىدى. تۆت - بەش يۈزمىڭ يۈەن قەرز ئېلىپ، ئۇنىڭغا ئۆزۈمدە بار پۇللارنى قوشۇپ يەنە تېرە ئالدىم. 6 - ئاينىڭ 22 - كۈنى تېرىلەرنى سايغا يۆتكەپ قۇرۇتاي دەپ تۇشۇۋاتسام، تۇرسۇنجان كۆرۈپ قاپتۇ. ئۇ، مەن تېرىنى ئېلىپ كېلىۋاتقان تېتىر يېزىسىغا تويغا چىققانىكەن. ئەتىسى ئۇنىڭ ئادەملىرى تىنىڭ - تىنچلاپ بېرىپ «راسخوت تۆلەيسەن» دېدى. ئەسلىدە ئايلىق

راسخوت تۆلەيتتۇق ، بۇ قېتىم ئالغان تېرە كۆپ بو-
لۇپ ، ئاز دېگەندىمۇ 10 مىڭ يۈەن راسخوت تۆلەشكە
توغرا كېلەتتى . بازار كاسات بولۇۋاتقاندا بۇنچە
پۇلنى تۆلىسەم تېخىمۇ زىيان تارتىپ ، ۋەيرانىلا
بولاتتىم . ئەھۋالنى ئېيتىش ئۈچۈن تۇرسۇنجاننى
ئىزدەپ تاپالمىدىم ، ئۇ جايدا تۇرالماي بازارمۇ
بازار چېپىپلا يۈرۈيدىكەن ...

— راست ، - دېدى ئاردىن بىرسى گەپ قىس-
تۇرۇپ،- تۇرسۇنجاندەك خىزمەتنى جان كۆيدۈرۈپ ئىش-
لەيدىغانلار ئاز تېپىلىدۇ.

ھېلىقى كىشى ھېكايىسىنى داۋاملاشتۇردى :

— ئاخىرى يەكشەنبە كۈنى سەھەردىلا ئىشخانى-
سىغا باردىم ، ئىشقا چۈشۈش ۋاقتىدىن خېلى ئىلگى-
رىلا ئۇ قول ئاستىدىكىلەرنى باشلاپ بازارغا كېتىپ
بوپتۇ ، شۇ كۈنلەردە ، ناھىيە مەركىزىدىكى ئۇنىڭ ېر-
سال سودا بازىرى باغچا يېنىدىكى توپىلاڭ جايغا يۆت-
كىمدىن يۆتكەلگەنىدى . مەن تار ، توپا - چاڭ بازار
كوچىسىدا مىغ - مىغ ئادەملەر توپىنى يېرىپ ، تۇر-
سۇنجاننى ئىزدىدىم . فورما كىيگەنلا ئادەمنى كۆر-
سەم ئۇنىڭ نەدىلىكىنى سوراپ ماڭدىم . « ئۇلاغ
بازىرىدا ئىشلەيمەن» دەپ كەتكەن، دېيىشتى ئۇلار .
مەن ئۇلاغ بازىرىغا بېرىپ باقماپتىكەنمەن . ئاي -
هاي ، قۇيۇن چىققاندەك توپا - تۇمان ئۆرلەپ تۇر-
دىكەن، كونا كۆل ئورنىدەك كۆرۈنىدىغان بۇ جاينىڭ
ئەتراپىدا ئېگىز دەل - دەرەخلەر بار ئىكەن . لېكىن
پوركاپ توپىلىق بولغاچقا ، مال - چارۋىلارنى يېتى-

لەپ ئۇيان - بۇيان مېڭىۋاتقان ئادەملەر بەئەينى ھەرىكەتچان لاي ھەيكەلگە ئوخشاش كۆرۈنۈپ كەتتى. تۇرۇپلا نەپەسلىنەلمەي قالدىم. بۇنداق مۇھىتتا چىدىماق ھەقىقەتەن تەس ئىدى. مەن تۇرسۇنجان-نىڭ چىداملىق كادىرلىقىغا چىن دىلىمدىن قايىل بولدۇم. ئەسلىدە ئۇ بۇنداق جايغا باشقىلارنى ئە-ۋەتىپ قويۇپ، ئۆزى ئىشخانىدا ئولتۇرسىمۇ بىر كىم بىر نېمە دېمەيتتى. ئۇنى تاپقىچە ئارىلىقتا خىز-مەتداشلىرىدىن بىرسى بىلەن ئەھۋاللىشىپ قالدىم.

بۇ يەر تام توسۇپ دائىرىگە ئېلىنمىغانلىقتىن، چارۋا - ئۇلاغ ئېلىم - سېتىمىدىن بازار باشقۇرۇش راسخوتى يىغىش بەك قىيىن ئىكەن. شۇڭا، باشقۇر-غۇچى خادىملار ئەتراپنى ئايلىنىپ رەسمىيەت ئۆتە-مىگەنلەرنى رەسمىيەت ئۆتەشكە دەۋەت قىلىدىكەن. دەريا بويىدىكى يولدا بىر قىسىم بېدىكلەرنىڭ دېھ-قانلار بازارغا ئەكىرىۋاتقان ماللارنى توسۇپ، سودا قىلىۋاتقانلىقىنى ئاڭلىغان تۇرسۇنجان ھېلىلا شۇ تە-رەپكە كېتىپتۇ. ھېلىقى خادىم بىردەم ساقلاپ تۇرۇ-شۇمنى ئېيتقان بولسىمۇ، مەن تاقەت قىلالماي دەريا بويىغا باردىم. دېگەندەك ئۇ، توختىتىپ قويۇلغان چارۋىلارنى بازارغا ھەيدەۋاتقانىكەن. بىر دېھقان:

— مەن مۇشۇ يەردە تۇرىمەن، ئۇكام، بۇ ئۆزۈمنىڭ ئەركىنلىكى، قويلىرىمنى نەدە ساتسام ئۆزۈمنىڭ ئىشى، - دەپ تۇرسۇنجان بىلەن تاكاللىشىۋاتاتتى.

— ھەي ئاكا، - دېدى تۇرسۇنجان ئۇنىڭغا سەممىي چۈشەندۈرۈپ، - مال بازىرىغا ئاپىرىپ ساتسىلا زى-

يان قارتماي يىلا . بېدىكلەر پايىدا ئالمىسا بۇ يەردە دېھقانلارنى توسۇپ مال ئالمايدۇ . شۇ پايدا ئۆزۈڭلارغا قالسا يامان كېتەمدۇ؟ بىزگە بىر نەچچە مۇچەن راسخوتنى تۆلىمىسەڭلارمۇ ھېچقىسى يوق ، قوينى بازارغا ھەيدىسىلە .

قارىسام تۇرسۇنجاننىڭ كىيىملىرى توپىدا يۇمىلىغاندەك بولۇپ كېتىپتۇ ، چاڭ قونغان كىرپىكلىرى ئارىسىدا كۆزلىرى پىلدىرلاپ قاپتۇ .

— نېمە جاپا بۇ؟ -دېدىم ئۇنىڭغا ئىچ ئاغرىتىپ.

ئۇ كۈلۈپ تۇرۇپ شۇنداق دېدى :

— شارائىتنى بويسۇندۇرمىساق، شارائىت بىزنى بوزەك قىلىدۇ ، شۇڭا، چىڭ تۇرۇپ ئىشلىمىسەك بولمايدۇ .

بىز چۈشتىن كېيىن كۆرۈشىدىغانغا پۈتۈشۈپ خوشلاشتۇق ، ئۇ، مال بازىرى تەرەپكە يۈرۈپ كەتتى .

چۈشتىن كېيىن يەنە بازارغا باردىم . تۇرسۇنجاننىڭ ئارقىسىدىن قوغلاپ يېتىشەلمەي ھېرىپ كېتىپ ، بازارنىڭ « ئاغزى » دا ساقلىدىم . ئۇ ، ھەم بازار باشقۇرۇش ھەققى يىغىدىكەن ھەم قول ئاستىدىكىلەر يىغقان پۇللارنى سۈيلەپ ، قەيەردە مەسىلە چىقسا ، شۇ جايغا چاپىدىكەن . نەدە قىيىن ئىش بولسا ، شۇ يەرگە ئۈنىدىكەن . شۇڭا، پونكىتتىكى باشقا خىزمەتچىلەرمۇ غىدىك - پىدىك قىلماي ئىشلەيدىكەن . ئۇنىڭ بىلەن پەقەت بازارچىلار بازاردىن يانغاندىلا كۆرۈشەلىدىم . قارىسام، ھېرىپ كەت-

كەلىدىكەن، گەپ قىلغۇدەك ھالىمۇ قالماپتۇ، توۋرۇپلا ئىچىم ئاغرىپ، ئەتە كېلەي دەپ خوشلاشتىم. ئەتىسى «بۈگۈن ھەقىچان ئارام ئالدى» دېگەن دەرگۇمان بىلەن ئىشخانىسىغا بارسام، يەنە ئىشلەۋېتىپتۇ. ئىچىمدە: «ئىجارەتچىنىڭ ئىشىدىن خىزمەتچىنىڭ ئىشى چىڭمۇ-نېمە؟» دەپ ئويلىدىم. ئويلىغانلىرىمنى ئاغزىمدىن چىقىرىۋېتىدىم، ئۇ كۈلۈپ كەتتى، مەن خىجىل بولدۇم، كېيىندىن قارىغاندا، ئۇ، ئارام ئېلىشنىڭ نېمىلىكىنى بىلمەيدىكەن، ئىشلەپ كۆنۈپ قاپتۇ، خىزمەتتىنى چىن دىلىدىن سۆيىدىكەن. مەن ئەھۋالىمنى تەپسىلىي ئېيتىۋېدىم، ئۇ، ئەستايىدىل ئاڭلاپ ھېسداشلىق قىلدى:

—سىزدىن بىر قېتىمدىلا 10مىڭ يۈەن ئالساق، ئىجارىتىڭىزغا تەسىر يېتىدۇ، ھەتتا ئىجارەتتىن ۋاز كېچىشىڭىز مۇمكىن. ئۇ چاغدا، سىزنىڭ دائىملىق پۇلىڭىزنى ئېلىشتىن مەھرۇم قالىمىز. بۇ، كۈنلۈكنى دەپ ئايلىقتىن قۇرۇق قېلىش بولىدۇ، سىزنىڭ ئىجارىتىڭىز ئاقسىمىسا، بىزمۇ راسخوتنى ئايمۇ ئاي ئېلىپ تۇرساق، شەخسىكىمۇ، دۆلەتكىمۇ تەڭ پايدىسى بار. ئۇنىڭ ئۈستىگە، سىز ئايلىق راسخوتنى تولۇق، ۋاقتىدا، ئۆزلۈكىڭىزدىن تاپشۇرۇپ كېلەۋاتقان ئادەم. سىزگە ئېتىبار قىلىشقا بولىدۇ، بۇ قېتىم مۇۋاپىق ھەق تۆلەپ رەسمىيەت ئۆتۈۋېلىڭ.

بۇ گەپنى ئاڭلاپ سۆيۈنۈپ كەتتىم، ئۇ خىزمەتنى ئەنە شۇنداق ئەھۋالغا قاراپ يۈرۈشتۈرۈشكە ماھىر ئىكەن. ئاڭلىسام، ماڭىلا شۇنداق قىلىپ قالماي،

باشقىلارنىمۇ ئاشۇنداق قوللاپ تىجارىتىنى جان-
لاندۇرۇپتۇ.

— بۇ يىل 1- ئايدىكى قاتتىق سوغۇق كۈنلەر-
نىڭ بىرىدە تۇرسۇنجاننى ئىزدەپ باردىم، - دېدى
سورۇن ئەھلىلىرىدىن يەنە بىرسى سۆز ئېلىپ. - ئۇ-
نىڭ بىللەن بىللە ئىشلەيدىغان ئابدۇقادىر ئاكىدىن
سورىسام: «بازاردا راسخوت ئېلىۋاتىدۇ» دېدى. شۇ
ئەسنادا پونكىتنىڭ شوپۇرى تۇراپ ئاخۇن كەلدى.
«سوجاڭ تىنىم تاپماي ئىشلەيدۇ، - دېدى ئۇ، سوئا-
لىمىزغا جاۋابەن. - كېچىچىمۇ ئىشلىگەن». ئۇنىڭ ئېيت-
تىشىچە، شۇ ئاخشىمى «قۇلاق» لاردىن بىرسى بەشئې-
رىق يېزىسىدىكى بىر پاختا سودىگىرىنىڭ بىر ماشى-
نا پاختىنى قەشقەر شەھىرىگە يۆتكىمەكچى بولۇۋات-
قانلىقىنى مەلۇم قىپتۇ، تۇرسۇنجان رەھمىتىللا بۇ-
نى ئاڭلاپ، تۇراپ ئاخۇن بىللەن قەشقەر يولىدىكى
توساقتا پايلاپ يېتىپتۇ. «ھەي، ئاسانغا چۈشمىدى، -
دېدى تۇراپ ئاخۇن ۋايساپ، - يامان بىر نېمىلەر
ئىكەن ئۇ، پاختىنى تۇنىكا بىللەن كوزۇپنىڭ ئۈستى-
نى بولىغان ئاپتوموبىلغا باسقانىكەن، دەسلەپتە ئۇق-
ماي ئۆتكۈزۈۋېتىپتىمىز، كېيىن ئارقىسىدىن قوغلاپ
پوسكام ناھىيە تەۋەسىگە بارغاندا توسۇۋالدۇق، قې-
رىشقاندەك ياغقان قار ئارىلاش يامغۇردا مۈزلاپ قال-
غىلى تاسلا قالدۇق. قوغلاۋاتقاننى سېزىپ قېچىۋاتقان
ئاپتوموبىلغا يېتىشىۋالغاندا، دەرھال ئالدىغا ئۆتۈپ،
بىر تورمۇزلاپتىكەنمەن، ئاپتوموبىل قاردا تېيىلىپ ئور-
مانلىققا كىرىپ كەتتى. ئۆلدۇق ئەمدى، سوجاڭ ئۆل-

مىسە بولاتتى، ياخشى ئادەم ئىدى دەپ كۆزۈمنى ئاچ-
سام، ئۇ، يەردە دومىلاپ يۈرۈيدۇ، مەنمۇ ساق تۇرىمەن،
خۇداغا شۈكرى دەپ، ئاران تەستە ئاپتوموبىلدىن چۈ-
شۈپ ھېلىقى شوپۇرنىڭ ياقىسىدىن ئالدىم. سوجاڭ
كېلىپ تۇتۇۋالدى، بولمىسا تارتقان جاپانىڭ دەر-
دىنى كاللا - مالىلىرىنى يېرىپ ئالاتتىم. پاختا سو-
دىگىرى جاھىل ئېمىكەن، ئۇنى دېسەك، بۇنى دەپ
كاجلىق قىلىپ، ئىككى- ئۈچ سائەت تالاشتى. تۈن تەڭ
بولدى، ئەتراپ ئىستەك قاراڭغۇ، قار ئارىلاش يامغۇر
توختايدىغاندەك ئەمەس، توڭلاپ جاق قىلداپ كەتتۇق.
پاختا سودىگىرى ئاخىرى يۇمشاپ، ئىككىمىزگە 5000
يۈەندىن 10 مىڭ يۈەن پارا بەرمەكچى بولدى، بىز
قەتئىي رەت قىلدۇق. سوجاڭ: « ياخشىلىقچە ماڭساڭ
ماڭدىڭ، بولمىسا ئاپتوموبىلنى ئۆزۈم ھەيدەيمەن» دەپ
كابىنكىغا چىقىپ ئولتۇردى. شۇنداق چىڭ تۇرۇپ
پاختىنى قاچىلىقتا ياندۇرۇپ كەلدۇق...»

— تۇرسۇنجان سوجاڭ، ھۆكۈمەت چەكلىگەن ئەت-
كەس قەرسىلەرنى ئېلىپ - ساتقانلارنى بوش قويۇ-
ۋەتمەيدۇ،- دېدى ئابدۇقادىر ئاكا ئۇنىڭ گېپىنى تو-
لۇقلىغاندەك.- ئۇلار خىيالىدا سوجاڭنى بىلمەيدۇ
دەيدۇ، ئەمما ئۇ يەر ئاستىدا يىلان كۆشىگەنى بى-
لىدىغان ئادەم. ئۇنداقلاردىن ئالىدىغان جەرىمانىنى-
مۇ چېنىغا چىقىرىپ ئالىدۇ، پونكىتنىڭ يىللىق راس-
خوت يىغىش ۋەزىپىسىنىڭ كۆپ قىسمىنى ئاشۇنداق
كىشىلەردىن ئالغان پۇل بىلەن تولدۇرۇپ، قانۇنلۇق
تىجارەتچىلەردىن ئەھۋالغا قاراپ كېمەيتىپ ئالىدۇ

ياكى كەچۈرۈم قىلىشىۋېتىدۇ. پاختا ھايانكەشلىرى تېپـ
گىدىن ئالغاندا، دېھقانلارنى قاقتى ـ سوقتى قىلىـ
دۇ. ئۇنداقلارنى بوش قويۇۋەتسە بولمايدۇ، تۇرسۇنجان
سوجاك ئىككى-ئۈچ يىلدىن بۇيان، خىزمەت دائىرىسىـ
دە ئىز قوغلاپ ئىشلەپ، ئوغرىلىقچە ئېلىپ ماڭغان
300 ـ 400 مىڭ يۈەنلىك ئەتكەس پاختىنى قولغا چۈـ
شۈرۈپ، قانۇن بويىچە بىر تەرەپ قىلدى. ناھىيە ئۇـ
نىڭ خىزمەت نەتىجىسىنى مۇئەييەنلەشتۈرۈپ تەقـ
دىرلىدى.

ئابدۇقادىر ئاكا بىلەن تۇراپ ئاخۇننىڭ ھېكاـ
يىلىرى شۇنداق تەسىرلىك بولۇپ، ئاڭلىغان ئادەم
ئۇنىڭغا تەھسىن ئوقۇماي قالمايتتى.

## «ئىشچى سوجاك بوش ئەمەس»

تۇرسۇنجان رەھمىتىللا ھەر قانداق ئىشتا ئەستاـ
يىدىل مۇئامىلە قىلىشنى ئۆگەنگەنىدى. ئۇ، خىزمەتـ
تە جۇشقۇن، پائالىيەتچان، ماسلىشىشچان بولۇپ، ھەر
قانداق ئادەم بىلەن چىقىشالايتتى، بۇ خىل ئالاھىـ
دىلىك ئۇنىڭ خىزمىتىدە ئاچقۇچلۇق رول ئوينايتتى.
ئۇ، قازانغان نەتىجە ـ مۇۋەپپەقىيەتلەر بىلەن ئۇنىڭدىن
ئايرىلمايتتى.

1979 ـ يىلى ناھىيىلىك سودا ـ سانائەت مەمۇـ
رىي باشقۇرۇش ئىدارىسىغا ۋاقىتلىق خىزمەتكە ئورـ
ۇنلاشقان تۇرسۇنجان رەھمىتىللا بىر قانچە يىلدىلا
كەسپىي جەھەتتە كۆزگە كۆرۈندى، 1990 ـ يىلى ئۇنىڭـ
غا ئىشچىلىق شتاتى بېرىلدى، ئۇ، تېخىمۇ كۈچىنىپ

ئىشلەشكە بەل باغلاپ، تەشكىل نەگە بۇيرىسا باردى. بۇ جەريانىدا يۇقىرىغىمۇ چىقىپ، تۆۋەنگىمۇ چۈشۈپ، كەسىپنىڭ ئىسسىق-سوغۇقلىرىنى، خىزمەتنىڭ ئەگرى-توقايلىقلىرىنى بېشىدىن ئۆتكۈزۈپ پىشتى. 1991-يىلى ئىدارە رەھبەرلىكى ئۇنى ھازىرقى پونكىتقا پونكىت باشلىقى قىلىپ ئەۋەتتى، ئۇنىڭ بۇ ۋەزىپىنىڭ ھۆددىسىدىن چىققۇدەك ئىقتىدارى ۋە كەسپىي قابىلىيىتى بار ئىدى. لېكىن، قارىنى-كۆكسى تار ئايرىم كىشىلەر: «ئادەم تېپىلمىغاندەك بىر ئىشچىنى پونكىت باشلىقى قىلىپ قويسا بولامدۇ، ئىشچىنىڭ باشلىق بولغىنى نەدە بار؟» دەپ پىتنە قىلىشتى. تۇرسۇنجان بولسا بۇنىڭغا ئېرەنسىمەستىن: «خەق ئىشچىلىق قالپىقىمغا قارىسۇن، مۇھىمى ئىشىمنى كۆرسۇن» دەپ، دادىل باش چۆكۈرۈپ ئىشلەۋەردى. ئەينى چاغدا پونكىتنىڭ خىزمىتىدە بەزى مەسىلىلەر ساقلانغان بولۇپ، مالىيە باشقۇرۇش، بازار تەرتىپىنى ياخشىلاش، تۈزۈم قۇرۇلۇشى قاتارلىق ئىشلار ياخشى ئىشلەنمىگەنىدى. شۇڭا، تۇرسۇنجان ئىشنى ئالدى بىلەن ئىچكى قىسمىنى تەرتىپكە سېلىشتىن باشلاپ، پونكىتنىڭ تەۋەلىك سىخېمىسىنى تۇرغۇزدى: كۈندىلىك خىزمەتلەرگە رەھبەرلىك قىلىش گۇرۇپپىسى، ئوتتىن مۇداپىئە كۆرۈش گۇرۇپپىسى، ئىستېمالچىلارنىڭ ھوقۇق-مەنپەئەتىنى قوغداش گۇرۇپپىسى، پاك-دىيانەتلىك بولۇشقا نازارەت قىلىش گۇرۇپپىسى قاتارلىق تەشكىلىي سىستېمىلارنى ۋۇجۇدقا كەلتۈردى. پونكىت قارىمىقىدا بازار باشقۇرۇش

ھەيئەتلىرى ئىسمىلىكى سخېمىسى، ئىشچى - خىزمەتـ
چىلەرنىڭ «بىرگە قارشى تۇرۇپ، ئۇچنى قوغداش»،
«پاك - دىيانەتلىك بولۇش، مالىيە تۈزۈمىنى مۇسـ
تەھكەملەش»، «ئوبراز تىكلەش، يېڭى ئىستىل تۇرغۇ-
زۇش سەھنىسى» قاتارلىقلارنى ئىشلىدى. ئۆگىنىش،
تەربىيىلەش ئورنى قۇرۇپ، پارتا - ئورۇندۇق ۋە كېـ
تەرلىك ماتېرىياللارنى تەييارلىدى. مەخسۇس ئىشـ
لىتىلىدىغان تالونلارنى ئېلىش، ئىشلىتىش، يىغىش،
ھېساپات قىلىش قاتارلىق ئىشلارنى ئىسلاھ قىلدى.
قاتتىق باشقۇرۇش — بۇنىڭدىكى تۈپ پرىنسىپ ئىدى، ئۇ
يەنە ئۆز تەۋەلىكىدىكى بازارلارنى ئارىلاپ، تەكـ
شۈرۈش، پىكىر ئېلىش، مەسلىھەت بېرىش جەريانىدا،
يەككە سودا - سانائەتچىلەر ئۈستىدە ئومۇميۈزلۈك
ئېنىقلاپ، تىزىملىك تۇرغۇزۇش بىلەن، باشقۇرۇشنى
ئوڭشايلاشتۇردى. يەككە سودا - سانائەتچىلەرنى تىـ
زىملاش، كىنىشكە يېڭىلاش، ئورۇن ئالماشتۇرۇشتا
پرىنسىپنى مىزان قىلدى، بۇنىڭ بىلەن پونكىتتىكى
ئىشچى - خىزمەتچىلەرنىڭ روھىي قىياپىتى ۋە خىز-
مەت ئىستىلىدا زور ئۆزگىرىش بولدى، يەككە سودا-
سانائەتچىلەر ئارىسىدىمۇ ئۆزلۈكىدىن راسخوت تاپـ
شۇرىدىغان، يىغىنلارغا ۋاقتىدا كېلىپ قاتنىشىدىغان،
تۈرلۈك پائالىيەتلەرگە ئاكتىپ ئاۋاز قوشىـ
دىغان ياخشى كەيپىيات ئەۋج ئالدى؛
پونكىتنىڭ بۇنداق تېز ئۆزگىرىش
ياسىشى يۇقىرى دەرىجىلىك ئورگانلارنىڭ دىققىتىنى
تارتتى. ناھىيىلىك سودا - سانائەت مەمۇرىي باشـ

قۇرۇش ئىدارىسى شۇ يىلىنىڭ ئاخىرىدا ناھىيە بويىچە نەقمەيدان يىغىنى ئېچىپ، تۇرسۇنجان رەھمىتۇللانىڭ نەتىجىلىرىنى مۇئەييەنلەشتۈرۈپلا قالماي، يۇقىرى باھا بەردى، ئەينى چاغدا، ھېلىقىدەك پىتنە - پاساتلارنى تارقاتقان كىشىلەرمۇ تۇرسۇنجاننىڭ نەتىجىلىرى ئالدىدا قايىللىقىنى بىلدۈرۈپ، ئۇنىڭ بوش ئادەم ئەمەسلىكىنى ئېتىراپ قىلىشتى. مانا شۇنىڭدىن باشلاپ، بۇ پونكىت ناھىيىنىڭ نەقمەيدان يىغىنى ئاچىدىغان، يۇقىرىدىن كەلگەنلەرگە كۆرسىتىدىغان ئۈلگە نۇقتىسىغا ئايلاندى. بۇنىڭلىق بىلەن تۇرسۇنجان يېڭىلىق يارىتىش ئىقتىدارىنى ئۆزلۈكسىز نامايان قىلىشتىن توختاپ قالمىدى، بەلكى خىزمەتلەر ئۈستىدە داۋاملىق ئىزدەندى، تەتقىق قىلىش ئېلىپ باردى. ئۇ، ھەر قېتىم بىرەر جايغا ئۆگىنىش، ئېكىسكۇرسىيىگە بارسا قۇرۇق قول كەلمەيتتى، ئۇ يەرنىڭ ئىلغار تەجرىبىلىرىنى ئۆز ئورنىغا تەتبىقلاپ، باب كېلىدىغانلىرىدىن ئىجادىي پايدىلىناتتى. ئۆزى قىلالمايدىغان، ئەمما ئومۇملاشتۇرۇش قىممىتى بار دەپ قارىغان تەدبىر، پىكىرلەرنى توپلاپ، ئىدارىغا تەكلىپ بېرەتتى. تۇرسۇنجان رەھمىتۇللانىڭ ئىشچى - خىزمەتچىلەرنى ئاكتىپ يېتەكلىشى ۋە باشلامچى بولۇشى ئارقىسىدا پونكىتنىڭ راسخوت يىغىش ۋەزىپىسى يىلمۇ يىل ئاشۇرۇپ ئورۇندالدى. ئۇ، ئۆزىگە تەۋە ۋەزىپىنى ئىككى-ئۈچ ھەسسە ئاشۇرۇپ ئورۇندىمىسا كۆڭلى خاتىرجەم بولمايتتى. ئەمما ئورۇنسىز ھەق ئالىدىغان ئىشنىمۇ پەقەت قىلمايتتى ھەم قول ئاستىدىكىلەرگىمۇ شۇنداق تەلەپ قوياتتى.

تۇرسۇنجان رەمىتىللا خىزمەتتە پاك - دىيانەتلىك بولۇشقىمۇ ئالاھىدە ئەھمىيەت بەردى. سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى يولغا قويۇلغان بىر نەچچە يىلدا، ئورۇن ئالماشتۇرۇش، باشقۇرۇش ھەققىنى تۆلىمەسلىك، چەكلەنگەن مەھسۇلاتلارنى بىر تەرەپ قىلىپ بېرىش ۋە بەزى ئىنچىكە رەسمىيەتلەرنى سۈرۈشتۈرمەسلىك تەلىپى بىلەن باشقىلار بەرگەن 15 مىڭ يۈەندىن ئارتۇق سوۋغا - سالامنى ئالمىدى، 120 قېتىملىق مەقسەتلىك مېھماندارچىلىقنى رەت قىلدى. 100 نەچچە قېتىملىق كەسپىي جەھەتتىكى جېدەل-ماجىرانى مۇۋاپىق «سوراپ»، ئۇلارنىڭ 20 نەچچە مىڭ يۈەنلىك ئىقتىسادىي زىيىنىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشىگە ياردەم بەردى؛ ئازغان، چىقىش يولى تاپالمىغان ياشلاردىن 150 كىشىنى تىجارەت سېپىگە قوشۇپ، دۇكان ئورنى، دەسمايە ھەل قىلىش جەھەتتە ياردەم بەردى، رىغبەتلەندۈرۈش كىنىشكىسى تارقىتىپ، رەسمىيەت ھەققى ئېلىشتا ئېتىبار بېرىش سىياسىتى قوللاندى. ئامرات تىجارەتچىلەر ۋە بىر قىسىم دېھقان ئوقەتچىلەرنى ئىنقىلاب، ماددىي ۋە مەنىۋى جەھەتتە يۆلىدى. بۇنىڭ بىلەن، 1997- يىلنىڭ ئالدىنقى يېرىمىغا كەلگەندە تىجارەتچىلەر سانى 772 گە يېتىپ، 1990 - يىلدىكىگە قارىغاندا ئۈچ ھەسسىدىن كۆپرەك ئاشتى.

پونكىتتىكى باشقا خادىملارمۇ بوش كەلمىدى. بىر قانچە يىلدىن بۇيان، ئۇلار تۇرسۇنجان رەمىتىللاغا ئەگىشىپ تۈرلۈك خىزمەتلەردە كۆزگە كۆرۈنەرلىك نەتىجىلەرنى قولغا كەلتۈردى. 1996 - يىلنى

مىسالغا ئالساق، پونكىتتىكى خادىملار تۇرسۇنجاننىڭ تەشەببۇسى بىلەن 9000 يۈەن نەقپۇل، 150 قۇر كىيىم - كېچەك، 50 توننا كۆمۈر ئىئانە توپلاپ نامرات، قىيىنچىلىققا ئۇچرىغان دېھقانلارغا تارقىتىپ بەردى؛ 3900 يۈەنلىك گېزىت - ژۇرنالغا مۇشتەرى بولدى؛ بازارلارنى بىر نۆۋەت رەتلەپ ۋە كېڭەيتىپ ياساپ، ئەسلىدىكى 3000 كۋادرات مېتىر بازارنى 5000 كۋادرات مېتىرغا يەتكۈزدى؛ 12 قېتىملىق ئوت ئاپىتىنىڭ ئالدىنى ئالدى، 50 مىڭ يۈەندىن ئارتۇق پۇل ۋە بىر قىسىم نەرسە - كېرەكنى تېپىۋېلىپ ئىگىسىگە قايتۇردى؛ 20 مىڭ يۈەنلىكتىن ئاشىدىغان زەھەرلىك بۇيۇم ئەتكەسچىلىكىنى پاش قىلدى؛ 37 مىڭ يۈەندىن كۆپرەك پارا ۋە سوۋغا - سالام ئالدىدا ۋىجدانىنى يوقاتماي، پاك - دىيانەتلىك دۆلەت خادىمى بولۇشنى ئىشقا ئاشۇردى. كۆكەرتىش، تازىلىق، ساختا تاۋارلارغا زەربە بېرىش خىزمەتلىرىدە ناھىيە بويىچە ئۆلگىلىك ئورۇن بولۇپ، ھەر يىلى ناھىيىنىڭ، ئۈچ قېتىم ۋىلايەتنىڭ، بىر قېتىم ئاپتونوم رايوننىڭ تەقدىرلىشىگە ئېرىشتى. بۇ پونكىتتىكى خادىملار ۋە بۇ تەۋەدىكى يەككە تىجارەتچىلەردىن 25 كىشى ناھىيە، ۋىلايەت، ئاپتونوم رايون بويىچە ئىلغار شەخس بولۇپ مۇكاپاتلاندى. تۇرسۇنجان رەھمىتىللا 1991 - يىلدىن بۇيان ناھىيە بويىچە ئۇدا، ئاپتونوم رايون، ۋىلايەت بويىچە ئىككى قېتىم ئىلغار خىزمەتچى، مۇنەۋۋەر كومپارتىيە ئەزاسى، ئۆلگىلىك پونكىت باشلىقى بولدى.

1997 - يىل 8 - ئاينىڭ 29 - كۈنى، قەشقەر.

## «ئۇ — بەرىبىر ئىت»

بۇ گەرچە ئالاھىدە ئىش بولمىسىمۇ، لېكىن كۆڭلىدەك بىر ئىش.

بىر نەچچىمىز بىر دوستىمىزنىڭ تەكلىپىنى رەت قىلالماي مېھمان بولۇش ئۈچۈن ئۆيىگە يول ئالدۇق. بىز ئۇنىڭ دەرۋازىسى ئالدىغان بارغاندا، قاراڭغۇ چۈشكەن بولۇپ، قىشنىڭ كەچقۇرۇن بولىدىغان سوغۇقى كەيپىمىزنى خېلىلا ئۇچۇرغانىدى.

بىزگە ساھىبخان بولىدىغان دوستىمىز دەرۋازا ئالدىدا بىرسى بىلەن پاراڭلىشىپ تۇرغانىكەن، ئۇ بىزنى ئىنتايىن قىزغىن كۈتىۋالدى. بىز قائىدە بويىچە بىر - بىرىمىزنى ئۆيگە كىرىشكە تەكلىپ قىلىۋاتقىنىمىزدا، كۈتمىگەن يەردىن بىر ئىت قاۋىغان پېتى دەرۋازىدىن ئېتىلىپ چىقتى! بېجىرىم ئەركەكلەر ئىكەنلىكىمىزگە قارىماي قورققىنىمىزدىن نېمە قىلارىمىزنى بىلمەي قالدۇق. لېكىن ساھىبخان ھېچ ئىش بولمىغاندەك تەلەپپۇزدا:

— سىلەرنى ئۆيگە تېزراق كىرىڭلار دەپ قاۋاۋاتىدۇ. ھە، ماڭ كۈچۈكۈم، يول بوشات، مېھمانلىرىمىز ھازىرلا كىرىدۇ. قاراڭلار، مېنىڭ بۇ ئىتىم كۆڭلۈمنى شۇ قەدەر چۈشىنىدۇ. ساداقەتمەن، مېھرىبان،

كۆيۈمچان ئىت بۇ! مانا قاراڭلار، ئەركىلەپ قۇيرۇق-
لىرىنى شىپاڭلىتىپ، يانپىشىنى دىسكو چولپىنىدەك
تولغاپ كەتكىنىنى، ماڭە، كەت! - دېدى.

مەن ساھىبخانىنىڭ بۇ گەپلىرىدىن ئىتىغا بول-
غان ئىشەنچ ۋە كۆيۈنۈشىنىڭ خېلى چوڭقۇر ئىكەنلىكى-
نى ھېس قىلدىم.

— ھەي، بولۇڭلار، ماختاۋەرمەي بىر چەتكە
قوغلاڭلار بۇ مەخلۇقنى! - دېدى ئارىمىزدىن بىرسى
ساھىبخانىنىڭ گېپىگە رەددىيە بەرگەندەك، - ئىت
ئەمەسمۇ، چىشلىۋالمايدۇ دېگىلى بولمايدۇ. ئىت
دېگەننىڭ يۈزىدە تۈكى بار - دە!

— ھە، ياق، ئادەم چىشلىمەيدۇ بۇ ئىت، قورۇق-
ماڭلار، ماڭ دەيمەن، كەت!! كېتە!!

— ئادەم چىشلىمەيدىغان ئىتنى نېمىشقا باقىڭ-
لار؟ ئىت ئەمەسكەن ئەمەسە بۇ، قوغلىۋېتىڭلار بۇنداق
ئىتنى ھا... ھا... ھا...

— دوستلىرىمىزنى چىشلىمەيدۇ.

— بىزنى بىلەرمۇ زادى مۇشۇ ئىتىڭلار.

— بىلىدۇ، بىلمىسە باقامدىمەن بۇنداق ئىتنى،
ھەرگىزمۇ سىلى - بىزلىگە زىيان سالمايدۇ، قېنى،
ئۆيگە كىرگەچ پاراڭلىشايلى... ئىت ئادەم چىشلىمە-
سىمۇ، قاۋاپ تۇرسا، ئۆيگە ئوغرى كىرمەيدىكەن...

— ئۆيگە كىرىدىغان ئوغرى بۇنداق ئىتقا قاراپ
ئولتۇرامدۇ؟ - دېدى يەنە ھېلىقى دوستىمىز ساھىبخا-
نى مازاق قىلىشنى داۋاملاشتۇرۇشقا ئۇرۇنغاندەك كۈ-
لۈپ تۇرۇپ، - قاراڭلار، ئۇنىڭ ئورۇقلىقىنى، ئوغ-

ىرى ئەپتىگە قاراپلا، بىر ـ ئىككى چىشلەم نان تاش‍ـ
لاپ بەرسە، بىر چەتتە شۇنى غاجىلاپ تۇرۇپ تۇرىد‍ـ
غانلىقىنى بىلەمدۇ ـ دە! ھەي، بىچارە ئىت، نانىمۇ
بەرمەيدىغان ئوخشايسىلە؟

— نېمىنى؟ ئاش ـ نان ئالدىدىن ئېشىپ تۇرىد‍ـ
دۇ. ھازىر گۆش تەڭلىسەڭلىمۇ يېمەيدۇ بۇ ئىت.

— تايىنلىق، سۆڭەك يېمەيدىغان ئىت نەدە
بار!؟ گۆش بولسىغۇ...

بىز شۇنداق پاراڭلار بىلەن مېھمانخانا ئۆيىگە
كىرىپ ئولتۇردۇق. ساھىبخانىنىڭ خوتۇنى تۇغۇتلۇق
بولغىنىنى ئۇچۇن ئانىسىنىڭ ئۆيىدە ئىكەن. شۇڭا قا‍ـ
زانىنىڭ بېشىغا ساھىبخانىنىڭ ئۆزى ئۆتۈشكە توغرا
كەلدى.

— مەن بىر ـ ئىككى تەخسە سەي قورۇپ كىرەي،
سىلەر ئەيىبكە بۇيرىماي، مەزە ـ گېزەكلەرگە ئېغىز
تەگكەچ ئولتۇرۇپ تۇرۇڭلار. خوتۇن كىشى يوق ئۆي
دېگەن شۇنداق بولىدىكەن، ـ دېدى ساھىبخان بىز‍ـ
نىڭ ئالدىمىزغا نازۇ ـ نېمەتلەرنى تىزغاچ.

ئاندىن ئۇ مەشكە ئوت قالاپ، قازان ـ قومۇچنى
يۇيۇشقا ئۇتتۇش قىلدى، ئارىمىزدىن بىرسى ئۇنىڭغا
ھەمكارلىشىپ، سەي ـ كۆكتات توغرىشىپ بەردى.

شۇغۇللىنىدىغان كەسپى ئوخشاش بىر قانچە
ئادەم بىر يەرگە جەم بولۇپ قالسا، بىر خىل تېمىدا
پاراڭ قىلغىنىغا ئوخشاش، بىزمۇ ئۆزىمىز سۆيىدىغان
ئاخبارات كەسپى ۋە شۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك ئۇ خە‍ـ
ۋەر ـ بۇ خەۋەر، ئۇ گېزىت ـ بۇ گېزىت، ئۇ ژۇرنال ـ

بۇ ژۇرنالنىڭ پارىڭىغا چۈشۈپ كەتتۇق...

ساھىبخان ئازادە دەپ قارىغان بولسا كېرەك، سەي - كۆكتاتلارنى ھويلىسىغا ئېلىپ چىقىپ توغرىدى. بىر دەمدىن كېيىن، ئالدىراش قايتىپ كىرىپ، قازانغا ياغ قۇيدى، ئۆزىگە ياردەملەشكۈچىسىنى بىزنىڭ قاتارىمىزغا ئولتۇرغۇزۇپ قويدى. ئۆزى گېپىمىزگە لوقما سالغاچ، يېنىمىزدا تۇرۇپ، قازاندىكى ياغنىڭ چۈچىشىنى كۈتۈپ تۇردى. شۇ ئەسنادا، ھېلىقى ياردەملەشكۈچى ئاغىنىمىز ساھىبخان دوستىمىزنى ئاگاھلاندۇرۇپ:

— گۆشنى توغراپ تالادا قويدۇق، ئىت يەپ كەتمىسۇن يەنە، — دېدى.

ساھىبخان دەرھال ھويلىغا چىقىپ كىرگەندىن كېيىن:

— ياق، بۇ ئىت گۆش يېمەيدۇ، نېمىشقا دېسەڭلار تېخى ئەتىگەن بىر مۇنچە گۆشنى تاشلاپ بەرسەم قاراپمۇ قويماي كەتكەن. گۆشىمىزنى يېۋالىدىغان ئۇنداق ئوسال ئىتنى مەنمۇ باقمايمەن. ئەنسىرەش ھاجەتسىز، — دېدى خاتىرجەملىك بىلەن.

مەن ئىچىمدە «گۆشنى يېۋالمىغان ھالەتتىمۇ پۇراپ قويىدۇ، ياندۇرۇپ كىرسە بوپتىكەن» دەپ ئويلىدىم. لېكىن، ساھىبخاننىڭ كۆڭلىگە كېلىشىدىن ئەنسىرەپ تېشىمغا چىقارمىدىم.

قازاندىكى ياغ چۈچۈپ، پۇرقىراپ تۈتۈن كۆتۈرۈلگەندە، ساھىبخان ھويلىدىكى گۆشنى ئېلىپ كىرىش ئۈچۈن چىقىپ كېتىپ تېزدىن قايتىپ كىردى - دە، جىددىيلەشكەن ھالدا:

— ئاپلا، گۆشنى ئىت ئەپقېچىپتۇ! — دېدى.

بىز ئۇنىڭ كېيىنگە ئىشەنمەي يىلاقالدۇق ھەم ھەيران بولدۇق.

— چاقچاق قىلىۋاتامسىلە، راستگەپ قىلىۋاتامسىلە؟ — دەپ سورىدى بابا ئۇنىڭ ئىتىنى مەنسىتمەي دەتالاش قىلغان دوستىمىز.

— راست، كۆرمەمسىلەر بۇ ئىشنى، ھەممە گۆشنى يەپ بوپتۇ ئەمەسمۇ بۇ كاساپەت!

ساھىبخانىغا ياردەملەشكەن دوستىمىز تاشقىرىغا چىقىپ قايتىپ كىرىپ:

— راستكەن! — دېدى مەسخىرىلىك كۆزلىرىنى بىزگە تىكىپ.

بىز بىر-بىرىمىزگە قارىشىپ قالدۇق. ساھىبخان ئۇسال ئەھۋالغا چۈشۈپ قالغانىدى. ئۇ، قازاننى مەش ئۈستىدىن ئېلىۋەتتى.

— ئىت ئەمەسمۇ ئۇ، يۈزدە تۈكى بار. گۆش يېمەيدىغان ئىت نەدە بار؟ ئادەمگە ئىشەنگىلى بولمايۋاتقان بۈگۈنكى كۈندە ئىتقا ئۇنچىۋالا ئىشىنىپ كەتمەسلىك لازىم ئىدى. ئۇ گۆشنى بىزگە بېرىشكە قورسىقىڭ ئاغرىغانمۇ-يا؟

بۇ گەپ ساھىبخانىنى تېخىمۇ مۈشكۈل ئەھۋالغا چۈشۈرۈپ قويدى.

— يوق گەپنى قىلماڭلار، ئۇنداق نىيىتىم بولسا سەي قورۇپ بېرىمەن دەپ ئاۋارە بولۇپ يۈرەمتىم، ئاتايىن سىلەرنى كېلىدۇ، دەپ ئالسام مەن ئۇ گۆشنى، — دېدى ساھىبخان ئۆزىنى ئاقلاپ، — بولدى،

ھازىرلا موتو بىلەن بازارغا بېرىپ گۆش ئېلىپ كې-
لىمەن. رەنجىمەي ئولتۇرۇپ تۇرۇڭلار. يالغۇزلۇق دې-
گەن شۇنداق بولىدىكەن، راستىنلا سەت ئىش بولدى.
نەدىنمۇ بىلەي بۇ رەزگى ئىتنىڭ بۇنداق قىلىشىنى؟
ئەتىگەن گۆش بەرسەم يېمىگەنىدى، ھازىرمۇ يېمەس-
دەپتىمەن. ئەمدى ئورنىغا كەلمەيدۇ. سەۋەنلىك ئۆ-
زۈمدە.

ساھىبخان چىقىپ كەتتى. بىز باياتىن يۈز بەر-
گەن ئىشلارنى كۆز ئالدىمىزغا كەلتۈرۈپ، ئۈچەيلى-
رىمىز ئۈزۈلگىدەك كۈلۈشتۇق. ئىت يەپ كەتكەن گۆش
ئىككى كىلوگرام بولۇپ، ساھىبخان ھەقىقەتەن مۇ-
ئوسال بولغانىدى. بۇ ۋەقەگە قارىتا باشقىلارنىڭ
قانداق ھېسسىياتتا ئىكەنلىكى ماڭا نامەلۇم. مېنىڭ-
چە، مەخلۇقلارنىڭ خۇيى قانداق بولسا، تەبىئىتى
شۇنداق بولىدۇ. بەزىدە ئۇنىڭ خۇيى ئۆزگەرگەندەك
قىلسىمۇ، بىراق بۇخىل ئۆزگىرىشنى بىر پۈتۈن تە-
بىئىتىنىڭ ئۆزگەرگەنلىكى دەپ قاراش — بىمەنە-
لىك، ئەخمەقانىلىق، ئالدانغانلىقتۇر. دېمەك، ئىت
ھەر قانچە ئېسىل خۇيلۇق بولۇپ كەتسىمۇ، ئۇ يەنىلا
يۈزىدە تۈكى بار ئىت، خالاس...

1988 - يىلى 11 - ئاينىڭ 16 - كۈنى، يەكەندە يېزىلدى.
1988 - يىلى 12 - ئاينىڭ 23 - كۈنى قەشقەردە تۈزىتىلدى.

مەسئۇل كوررېكتورى : ئابدۇرۇسۇل ئۆمەر قەشقەرى
مۇقاۋىنى لايىھەلىگۈچى : قۇربانجان روزى

**قانداق قىلىپ ئۈچىنچى كۆز ھوسۇلى قولغا كەلدى**

*

يوپۇرغا ناھىيە تېرىم يېزىلىق ھۆكۈمەت
پوچتا نومۇرى : 844400

---

«قەشقەر گېزىتى» مەتبەئەسىدە بېسىلدى
ئادرېسى : قەشقەر شەھىرى مەدەنىيەت يولى
19 - قورۇ ، پوچتا نومۇرى : 844000

---

خەت سانى : 36 مىڭ ، 32 كەسلەم ، باسما تاۋاق : 3
سانى : 2000 ، 1997 - يىل 12 - ئايدا بېسىلدى

---

ش ئۇ ئا ر بېسىشقا رۇخسەت قىلىش كىنىشكە نومۇرى
( 1997 - يىل ) : 0349

---

تەننەرخى : 3.40 يۈەن